باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

( 1 - يىللىقلار ئۈچۈن )

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئانا تىل - نۇرلۇق چىراق، ئانا تىل - قۇرساس بولاق.

ISBN 7-5631-1612-5

ISBN 7-5631-1612-5/Z·38
总定价：60.00元（本册单价：7.50元）

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

(1-يىللىقلار ئۈچۈن)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى
كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئېلى مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئېلى مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئەلانۇر ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىت

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

(1-يىللىقلار ئۈچۈن)

تۈزگۈچى: ئابدۇزاھىر تاھىر
باش مۇھەررىر: مەمەتئېلى ئابدۇرەھىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھەمدۇللا ئابدۇراخمان
ئەسقەر ئابدۇقادىر

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)
ئۈرۈمچى [illegible] مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بېسىلدى
شىنجاڭ [illegible] كىتابخانىلاردا سېتىلىدۇ
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32 باسما تاۋىقى: 5.875
[illegible] - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2008- يىل 10- ئاي 2- بېسىلىشى

Abdulqadir Turdi Kutupxanisi
www.uyghurdev.net

ISBN 7 — 5631 — 1612 — 5/Z · 38
ئومۇمىي باھاسى: 60.00 يۈەن (يەككە باھاسى: 7.50 يۈەن)

www.uyghurkitap.com

# چۈشەندۈرۈش

قولىڭىزدىكى بۇ لۇغەت باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1-يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسىنى دەسلەپكى ئاساسقا ئىگە قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزۈلدى. بۇ لۇغەتكە 1-يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان 600 چە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى كىرگۈزۈلدى.

## 1. سۆزلەرنىڭ تاللىنىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

1) لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەر بىردەك ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلدى.

2) لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1-يىللىقى ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەردىن تاللاپ ئېلىندى. دەرسلىكلەر ئىچىدە «ئېلىپبە» ۋە 1-، 2-قىسىم «ماتېماتىكا» دەرسلىكلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

3) سۆز تاللاشتا كۆنۈكمىلەرنىڭ تەلىپى ۋە بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ «پولات قۇش» دېگەنگە ئوخشاش ئوخشاتما ناملار ۋە بىر قىسىم ياردەمچى پېئىللار بىلەن پېئىللاشقان بىرىكمىلەرمۇ مۇستەقىل سۆزلەم سۈپىتىدە ئېلىندى.

4) ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆزلەر ئايرىم-ئايرىم سۆزلەم قىلىپ ئېلىنىپ، رىم رەقەملىرى بىلەن

ئايرىپ كۆرسىتىلدى.
مەسىلەن:
**كۆك** I ① (سۈپەت) تىنىق ئاسمان رەڭگىدىكى،...
**كۆك** II (ئىسىم) ئاتلاپ تىكىلگەن تىكىچ.
**بالا** I (ئىسىم) ① ئاتا-ئانا بىقمۇاتقان پەرزەنت....
**بالا** II ①(ئىسىم) باشقا كەلگەن ئىغىر ئاپەت،...

4) يەر ناملىرى ۋە ئادەم ئىسىملىرى، ئەسەر ياكى تارىخىي ۋەقەلەر ناملىرى ئېلىنمىدى. پەقەت قوشاقتا كەلگەن «قۇمۇلخان» دېگەن يەر نامى ئورنىدىكى بىر سۆز بالىلارنىڭ چۈشىنىشىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە كىرگۈزۈلدى.

5) لۇغەتكە ئېلىنغان پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرىدىكى سۆزلەر «-ش // -ىش، -ۇش // -ۈش» بىلەن ئاخىرلاشقان شەكىلدە بېرىلدى.

6) قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ا»، «ە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدىغان سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەرنىڭ 3-شەخستە تۈرلەنگەن شەكلى تىرناق ئىچىدە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

مەسىلەن: **بالا** II **(بالاسى)** ...، **شەكىل (شەكلى)** ... دېگەندەك.

## 2. سۆز مەنىسىنى ئىزاھلاش

1) لۇغەتكە ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئېنىق، ئىخچام بولۇش، دەرس تېكىستىدە ئۇچرىغان مەنىسىنى ئاساس قىلىش، ئاددىي سۆزلەر بىلەن توغرا چۈشەندۈرۈش» ئۆلچەم قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

2) باللارنىڭ سۆز مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، بەزى سۆزلەرنىڭ كېڭەيگەن مەنىلىرىدىن بىر-ئىككىسى قوشۇپ چۈشەندۈرۈلدى.

3) سۆزلەرنىڭ بىردىن ئارتۇق مەنىلىرىنى بەرگەندە، ھەرقايسى مەنە تۈرلىرى ① ② ... دېگەندەك تەرتىپ بويىچە ئايرىلدى. مەنە تۈرلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇشتا ئەسلىي مەنىسى ياكى ئىستېمالدا كۆپ ئۇچرايدىغان مەنىلىرى ئاۋۋال بېرىلدى. مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى بىلەن كېڭەيگەن مەنىسى ئايرىم كۆرسىتىلمىدى.

4) باللارنىڭ سۆز مەنىلىرىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىرى ۋە قارىمۇقارشى مەنىلىكلىرى بار بولسا، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىق مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مەنىداش بولۇشى ئۈچۈن چوقۇم ئۇلاردا مەلۇم مەنە ئورتاقلىقى بولۇشى كېرەك. قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەنە مەركىزى بولۇشى كېرەك. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ لۇغەتتە بۇ ھەقتە قاتتىق پرىنسىپ تۇتماي، كەڭرەك ئۇسۇل تۇتتۇق. يەنى، ئاساسىي جەھەتتىن مەنىداش بولغان سۆزلەر بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ياكى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەرنى ئاساسەن بەردۇق.

5) سۆزلەرنىڭ مەنىداشلىرى بىلەن قارىمۇقارشى مەنىلىكلىرىنى بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق پەرققە ئىگە بولغانلىرى چېكىتلىك پەش (؛) بىلەن ئايرىپ قويۇلدى.

6) سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمى بېرىلىپ، بىردەك تىرناق ئىچىدە تولۇق نامى بىلەن ئەسكەرتىلدى. يەنى، (ئىسىم)، (سۈپەت)، (پېئىل) ... دېگەنلەردەك.

7) كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ سۆز تۈركۈمىنى بەرگەندە ھەممىلا مەنىسى ئوخشاش بىر خىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولسا، ئۇ سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى ئىزاھىنىڭ بېشىغا بىرلا بېرىلدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ھەربىر مەنىسىنىڭ ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم بېرىلدى.

8) پېئىللار «-ش // -ىش، -ۇش //-ۈش» ھەرىكەتنامى شەكلىدە ئېلىنىپ ھەممىسىگە بىردەك «پېئىل» دەپلا سۆز تۈركۈمى بېرىلدى.

9) سۆز بىرىكمىلىرىگە بىردەك سۆز تۈركۈمى بېرىلمىدى.

## 3. مىسال بېرىش

1) سۆزلەرنىڭ ئىزاھىدىن كېيىن مىسال بېرىلدى. مىسالنىڭ ئالدىدا «مەسىلەن:» دەپ ئەسكەرتىلدى.

2) مىساللار ئاساسەن دەرسلىكتىكى تېكىستلەردىن ئېلىندى. زۆرۈر بولغاندا باللارنىڭ سۆز ئىشلىتىشىگە ماسلاشتۇرۇپ جۈملە مىسالى تۈزۈلدى. جۈملىلەرنىڭ ئېنىق، راۋان بولۇشىغا، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى.

3) بىردىن ئارتۇق مىسال بېرىلگەندە، ئۇلار بىر-بىرىدىن يۇلتۇز (★) بەلگىسى بىلەن ئايرىلدى. شېئىر-قوشاقلار مىسال قىلىپ بېرىلگەندە، ئۇلارنىڭ مىسرالىرى يانتۇ سىزىق (/) بەلگىسى بىلەن ئايرىلدى.

www.uyghurkitap.com

## 4. ئىملا

لۇغەتتىكى بارلىق سۆز ۋە تېكىستلەر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى»دە بېكىتىلگەن ئىملا بويىچە ئېلىندى.

## 5. پايدىلانغان ماتېرىياللار

1) سۆز تاللاشتا، 1-يىللىقنىڭ بارلىق دەرسلىك كىتابلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

2) سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئالتە توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، بىر توملۇق «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى (قىسقارتىلمىسى)» ۋە «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تىل-ئەدەبىياتتىن رەسىملىك ئىزاھلىق لۇغەت»نىڭ 1-قىسمى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىلدى.

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| ئا | 1 |
| ئە | 11 |
| ب | 15 |
| پ | 26 |
| ت | 32 |
| ج | 46 |
| چ | 49 |
| خ | 53 |
| د | 56 |
| ر | 60 |
| ز | 64 |
| ژ | 66 |
| س | 66 |
| ش | 74 |
| غ | 77 |
| ف | 78 |
| ق | 79 |
| ك | 89 |
| گ | 98 |
| ل | 101 |
| م | 102 |
| ن | 110 |

ھ ........ 112
ئو ........ 119
ئۇ ........ 125
ئۆ ........ 128
ئۈ ........ 130
ۋ ........ 132
ئې ........ 134
ئى ........ 137
ي ........ 142
قوشۇمچە: ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك ........ 155


www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ئا

**ئا** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 1-ھەرپى.

**ئاپتاپ** (ئىسىم) قۇياش نۇرى.
مەسىلەن: مەن ئاپتاپقا قاقلىنىپ ھوپلىدا ياتاتتىم.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سايە.

**ئاپرېل** (ئىسىم) 4-ئاي.
مەسىلەن: ئاپرېل كۈنلىرى كەلدى، قارلار ئېرىپ تۈگىدى.

**ئات** I (ئىسىم) تۇم تۇياقلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋان.
ئېشەكتىن چوڭ بولىدۇ، مىنىش، ھارۋىغا قوشۇش ۋە دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تېز يۈگۈرەيدۇ.
مەسىلەن: مەن ئات مىنىپ باقمىدىم.

**ئات** II (ئىسىم) ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ نامى.
مەسىلەن: بىز يېڭى تۇغۇلغان سىڭلىمىزغا «ئازادەم» دەپ ئات قويدۇق.
**مەنىداش سۆزى:** ئىسىم، نام.

**ئاتمىش** (سان) «60» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى ئالتە يەردىكى ئوننىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 59 دىن چوڭ، 61 دىن كىچىك پۈتۈن سان.

**ئاجايىپ** ①(سۈپەت) ناھايىتى ياخشى؛ كىشىنىڭ ئەقلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

يەتمەيدىغان.
مەسىلەن: — مەن ئاجايىپ بىر قۇشمەن، — دەپتۇ قاغا سۆز باشلاپ.
② (رەۋىش) ناھايىتى، ئىنتايىن، تولىمۇ، بەك.
مەسىلەن: لاچىن ئاجايىپ تېز ئۇچىدىكەن.
**مەنىداش سۆزى:** ناھايىتى، قالتىس، ئىنتايىن.

**ئاچكۆز** (سۈپەت) تويمايدىغان، نەپسى يامان، ھېچنېمىگە قانائەت قىلمايدىغان.
مەسىلەن: باي ناھايىتى ئاچكۆز ئىكەن، قەيەرگە بارسا شۇ يەرنى قۇرۇقداپ ماڭىدىكەن.
**مەنىداش سۆزى:** تويمىغۇر، قانائەتسىز، ئاچپاقا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۆزى توق.

**ئادەت** (ئىسىم) دائىم تەكرار ئىشلەپ ئۆگىنىپ قالغان، ئادەملەرگە ئۆزلىشىپ كەتكەن قائىدە-يوسۇن، ئەنئەنە، ئۇدۇم.
مەسىلەن: تازىلىق قىلىش ياخشى ئادەت.
**مەنىداش سۆزى:** ئەنئەنە، ئۇدۇم.

**ئادەم** (ئىسىم) ئەقىل ئىقتىدارى بىلەن ئىش قىلالايدىغان، ئويلىيالايدىغان ۋە ئويلىغىنىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان جانلىق.
مەسىلەن: رەسىملەرگە قاراپ ئادەملەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** كىشى، ئىنسان.

**ئادرېس** (ئىسىم) تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايانى، تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ئېنىق كۆرسەتمە خاتىرىسى.
مەسىلەن: مېنىڭ ئادرېسىم: «كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا قۇمئېرىق

باشلانغۇچ مەكتەپ 1-يىللىق 2-سىنىپ».

**ئارامچىلىق** (ئىسىم) خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتى، ئارام ئېلىش پۇرسىتى، خاتىرجەملىك، ئاراملىق.
مەسىلەن: ئورماندا بىر تۈلكە بار ئىدى. ئۇ توشقانلارغا زادىلا ئارامچىلىق بەرمىدى.
**مەنىداش سۆزى:** خاتىرجەملىك، ئاراملىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پاراكەندىچىلىك، ئاۋارىچىلىق.

**ئارام ئېلىش** ① ھاردۇق چىقىرىش، دەم ئېلىش.
مەسىلەن: بىز ئەمگەك ئارىلىقىدا 15 مىنۇت ئارام ئالدۇق.
② راھەتلىنىپ قېلىش، ھۇزۇرلىنىپ قېلىش، ئەركىن-ئازادە بولۇش.
مەسىلەن: ئۇ كېتىپ بىزمۇ خېلى ئارام ئېلىپ قالدۇق.
★ بىر ئۇكۇل بىلەن چىشىمنىڭ ئاغرىقى توختاپ، خېلى ئارام ئېلىپ قالدىم.

**ئارقىمۇئارقا قوشۇش** ماتېماتىكىدا بېرىلگەن ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساننى ئارقا-ئارقىدىن بىر-بىرىگە قوشۇپ، نەتىجىسىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.
مەسىلەن: 4+1+2+3 بولسا، بۇنىڭ نەتىجىسىنى ئارقىمۇئارقا قوشۇش ئارقىلىق چىقىرىمىز.

**ئارقىمۇئارقا ئېلىش** ماتېماتىكىدا بېرىلگەن ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساننى رەت بويىچە بىر-بىرىدىن ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدىكى نەتىجىنى ھېسابلاپ چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ.
مەسىلەن: ئارقىمۇئارقا ئېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1—2—3—9 نى ھىسابلاپ چىقىڭلار.

**ئارمىيە** (ئىسىم) مەلۇم بىر خەلق ياكى كوللېكتىپ، گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن قوراللىق قوشۇن؛ ئومۇمەن قوراللىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇنتىزىم قىسىملارنىڭ ئومۇمىي نامى.
مەسىلەن: خەلق ئارمىيىسىگە سالام! ★ خەلق ئارمىيىسى خەلقنى سۆيىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** قىسىم، ھەربىي سەپ.

**ئاز** (سۈپەت) سانى ياكى مىقدارى جەھەتتىن كۆپ ئەمەس، كەم؛ يېتەرسىز.
مەسىلەن: بىزنىڭ سىنىپتا ئادەم ئاز ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** بىرزە، بىرئاز؛ كەم، يېتەرسىز.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۆپ، نۇرغۇن، جىق، تولا، ئاۋۇن؛ ئارتۇق.

**ئازاد** (سۈپەت) ① ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقى ئۆز قولىدا بولغان، باشقىلارنىڭ ئېزىشى، زۇلمىغا ئۇچرىمايدىغان، قۇل بولمايدىغان.
مەسىلەن: ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئازاد ئادەمگە ئايلىنىپ، باينىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپتۇ.
② قۇللۇق تۈزۈم يوقىتىلغان، ھېچكىم ھېچكىمنى ئەزمەيدىغان.
مەسىلەن: بىز ئازاد زامان بالىلىرى، كۆڭلىرىمىز بەختىيار ئۆتمەكتە.
**مەنىداش سۆزى:** ھۆر، ئەركىن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قۇل، مەھكۇم.

**ئازادە** (سۈپەت) كەڭ ھەم چوڭ، تار ياكى قىستا-قىستاڭ ئەمەس، كەڭتاشا.
مەسىلەن: بىزنىڭ سىنىپ پاكىز، ئازادە ۋە يورۇق.
**مەنىداش سۆزى:** كەڭ، كەڭتاشا، چوڭ، يوغان.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تار، كىچىك، قىستىلاڭ.

**ئاسان** (سۈپەت) ئىشلەش ئانچە قىيىن بولمىغان ھەم كۆپ كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان، ئوڭاي، تەس ئەمەس.
مەسىلەن: ئات مىنىش ناھايىتى ئاسان ئىش.
**مەنىداش سۆزى:** ئوڭاي؛ يەڭگىل.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىيىن، مۈشكۈل، تەس.

**ئاسارئەتىقە** (ئىسىم) قەدىمكى دەۋرلەردىن قالغان قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشقا ئائىت تۈرلۈك نەرسىلەر، يەنى قەدىمكىلەردىن قالغان قۇرۇلۇش، ئىمارەت، ئەمگەك ۋە تۇرمۇش قوراللىرى، سەنئەت ئەسەرلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى.
مەسىلەن: تۇرپاندا ئاسارئەتىقىلەر ناھايىتى كۆپ.

**ئاساسەن** (رەۋىش) ئاساسلىنىپ، بويىچە، كۆرسىتىلگىنىگە قاراپ، بىنائەن.
مەسىلەن: «م» ھەرپىنى ئۈلگىگە ئاساسەن چىرايلىق، توغرا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** بويىچە، بىنائەن.

**ئاستا** (رەۋىش) سۈرئىتى تۆۋەن، ئالدىرىماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: يىڭناغۇچ ھەم تۆۋەن، ھەم ئاستا ئۇچىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئالدىرىماي، گال.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تېز، ئىتتىك، ئىلدام، چاپسان.

**ئاستى** (ئىسىم) تۆۋەن تەرىپى، تۆۋىنى.
مەسىلەن: رەسىملەرنىڭ ئاستىدىكى سۆزلەرنى كېڭەيتىپ، تولۇق جۈملە قىلىپ سۆزلەڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** تۆۋىنى، تەكتى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۈستى، يۇقىرىسى، تۆپىسى.

**ئاسراش** (پېئىل) كۆيۈنۈپ ياخشى قاراش، ئوبدان قوغداش، ئەتىۋارلاپ ساقلاش، ئوبدان تۇتۇش.
مەسىلەن: بىز گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەرنى ئاسرىشىمىز لازىم. ★ بىز كىتابلىرىمىزنى ئاسرايمىز.
**مەنىداش سۆزى:** قوغداش، ئاياش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بۇزۇش، تاشلىۋېتىش.

**ئاسمان** (ئىسىم) يەر ئۈستىدىن قارىغاندا گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاۋا رەڭ بوشلۇق، يەرگە يېقىن ھاۋا قاتلىمىنىڭ ئۈستىدىكى چەكسىز بوشلۇق.
مەسىلەن: كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ★ ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.
**مەنىداش سۆزى:** كۆك، پەلەك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يەر، زېمىن.

**ئاغرىپ قېلىش** كېسەل بولۇپ قېلىش، سالامەتلىكى ناچارلىشىپ تېنى ئاجىزلاش.
مەسىلەن: نادىرە سوغۇقتا ئۈشۈپ ئاغرىپ قالدى.
**مەنىداش سۆزى:** ساقسىز بولۇش، كېسەل بولۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىدىكى سۆزى:** ساق يۈرۈش، ساقىيىش.

**ئاق** ① (سۈپەت) سىرتى، كۆرۈنۈشى پاختا، قار ياكى سۈت رەڭلىك.
مەسىلەن: ئۇ بۈگۈن ئاق كۆينەك كىيىپ كەپتۇ.
② (سۈپەت) ھېچنېمە تېرىلمىغان، بىكار، بوش، ئومۇمەن ئۈستى ياكى يۈزى بوش، بىكار.
مەسىلەن: ئاق يەر. ★ ئاق قەغەز.
③ (ئىسىم) ئىشنىڭ ھەقىقىتى، توغرىسى، ھەق.
مەسىلەن: مەن ئەمدى ئاق بىلەن قارىنى ئايرىيالايمەن، مەن چوڭ بولدۇم.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قارا.

**ئالامەت** ① (ئىسىم) بەلگە، ئىپادە.
مەسىلەن: ئاپرېل كۈنلىرى كەلگەندە، تەبىئەتتە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئالامىتى قايسىلار؟
② (رەۋىش) ناھايىتى، ئاجايىپ، قالتىس.
مەسىلەن: بۈگۈنكى مۇسابىقىدە زەينۇر ئالامەت تېز يۈگۈرۈپ، ھەممىنى ئۇتۇپ چىقتى.
**مەنىداش سۆزى:** ئاجايىپ، قالتىس.

**ئالەم** (ئىسىم) كۆز بىلەن كۆرگىلى ياكى ئەقىل بىلەن بايقىغىلى بولىدىغان پۈتكۈل مەۋجۇدات، كائىنات، جىمى دۇنيا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: بىز ياخشى ئوقۇپ، ئالەمنىڭ سىرلىرىنى ئاچىمىز. ★
ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى (ماقال).
**مەنىداش سۆزى:** دۇنيا، جاھان، كائىنات.

**ئالتە** (سان) «6» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى بەشكە بىرنى ياكى ئۈچكە ئۈچنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان، بەشتىن چوڭ، يەتتىدىن كىچىك پۈتۈن سان.
مەسىلەن: ئالتە تال گۈل غۇنچىسى.

**ئالدى بىلەن** ھەممىدىن بۇرۇن، ئاۋۋال، دەسلەپتە.
مەسىلەن: ئالدى بىلەن رەسىملەرنى ئىنچىكە كۆزىتىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** دەسلەپتە، ئاۋۋال، بۇرۇن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كېيىن، ئاخىردا.

**ئالغۇر** (سۈپەت) ھەرقانداق ئوۋنى قاچۇرۇۋەتمەي ئوۋلايدىغان، ئوۋ ئوۋلاشقا ماھىر.
مەسىلەن: قىران بۈركۈتتەك ئالغۇر، بۆلبۆلدەك كۈيچى ماختانمايدۇ. سەن نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ماختىنىسەن؟!

**ئالىم** (ئىسىم) ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن، بىلىملىك، بىلىمى مول ئادەم.
مەسىلەن: مەھمۇد كاشغەرى بوۋىمىز بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان ئۇلۇغ ئالىم ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** مۇتەخەسسىس، ھەكىم، دانا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نادان، ساۋاتسىز، قارا قورساق.

**ئامان** (سۈپەت) ساق-سالامەت، تىنچ-خاتىرجەم، بالا-قازاغا يولۇقمىغان.
مەسىلەن: دادام: — خۇش، ئامان بولساق، يەنە كۆرىشىمىز، — دەپ بىز بىلەن ئالدىراش خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** سالامەت، تىنچ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تىنچسىز، ساقسىز، خەتەرلىك.

**ئاندىن** (رەۋىش) ئارقىدىن، كېيىن، دەسلەپكى ئىشنىڭ ئارقىسىدىن.
مەسىلەن: ئالدى بىلەن رەسىملەرنى ئىنچىكە كۆزىتىڭلار، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** ئارقىدىن، كېيىن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاۋۋال، دەسلەپ، باشتا.

**ئاۋات** (سۈپەت) ① گۈللەپ ياشنىغان، راۋاج تاپقان، ھەممە نەرسە ئېشىپ-تېشىپ مولچىلىق بولغان.
مەسىلەن: بىز ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ باي، تېخىمۇ ئاۋات دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.
② ئادەملەر كۆپ يىغىلىدىغان، خۇددى بازاردەك قاينام-تاشقىنلىقتا چۆمگەن.
مەسىلەن: بۇ ناھايىتى ئاۋات يەر، كۈندە كىشىلەر بۇ يەرگە توپلىشىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** باياشات، باي، قايناق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نامرات، كەمبەغەل؛ خىلۋەت.

**ئاۋاق** (سۈپەت) ئېتىدە گۆش يوق، قۇرۇق سۆڭەكتىلا بولۇپ قالغان، ئورۇق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەسىلەن: ئۇ ئىككى ئاي ئاغرىپ يېتىپ قالغاچقا، ناھايىتى ئاۋاق ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئورۇق، ياداڭغۇ، جۇدەڭ، جۇدەڭگۈ، ئەتسىز.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سېمىز، ئەتلىك.

**ئائىلە** (ئىسىم) ئەر-ئايال ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ھەم ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن ئىبارەت بىرگە ياشىغۇچى كىشىلەر توپى.
مەسىلەن: بىزنىڭ ئائىلىدە ئاتا-ئانام ۋە سىڭلىم بىلەن مەن بولۇپ، جەمئىي تۆت كىشى بار.
**مەنىداش سۆزى:** ئۆي.

**ئاي** (ئىسىم) ① يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسمى. كېچىدە ئورغاق شەكلىدە ياكى يۇمىلاق كۆرۈنىدۇ ھەم يورۇقلۇق تارقىتىدۇ.
② بىر يىلنىڭ ئون ئىككىدىن بىرىگە تەڭ بولغان ۋاقىت بىرلىكى.
مەسىلەن: مەن 5-ئايدا كەلپىنگە باردىم. ★ بىر يىل 12 ئاي بولىدۇ.

**ئاياغ** (ئىسىم) ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ مېڭىشى، تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پۇتى، پۇت.
مەسىلەن: ئۇ قوم ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ ئويناپ يۈرەتتى.
② پۇتقا كىيىش ئۈچۈن تىكىلگەن تولىيەي، ئۆتۈك، كەش قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.
مەسىلەن: ئايگۈل سۇدا ئويناپ ئايىغىغا سۇ كىرگۈزۈۋاپتۇ.
③ بىرەر نەرسە ياكى ئىش-پائالىيەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى، ئاخىرى.

مەسلەن: مەھەللىنىڭ ئايغى. ★ ئۇ گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە، ئايغىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولاتتى.

**مەنداش سۆزى:** پۇت؛ كەش؛ ئاخىرى، تۆۋىنى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باش، ئۈستى.

**ئاياغ بېسىش** قەدەم قويۇش، كېلىش.

مەسلەن: شۇنىڭدىن كېيىن تۆلكە بۇ ئورمانغا ئاياغ باسماس بولدى.

**ئايرىما** (ئىسىم) ① پەرق.

مەسلەن: ئۇلارنىڭ ياش ئايرىمىسى بەك چوڭ ئىكەن.

② ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەردە بىر ساندىن يەنە بىر ساننى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قالغان سان، ئېلىشتىن ھاسىل بولغان نەتىجە.

مەسلەن: 30—4=26 دىكى 26 ئايرىمىدۇر.

# ئە

**ئە** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 2-ھەرپى.

**ئەتىياز** (ئىسىم) بىر يىلدىكى تۆت پەسىلنىڭ بىرى، يەنى قىشتىن كېيىنكى، يازدىن بۇرۇنقى پەسىل. بۇ پەسىلدە دەل-دەرەخلەر كۆكلەيدۇ. ئادەتتە تەخمىنەن 2-ئاينىڭ 5-كۈنلىرى باشلىنىپ 5-ئاينىڭ 5-كۈنلىرى ئاخىرلىشىدۇ.

مەسلەن: ئەتىياز كەلدى.

**مەنداش سۆزى:** باھار.

**ئەخلاق** (ئىسىم) كىشىلىك جەمئىيەتتە قېلىپلىشىپ

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

قالغان پائالىيەت ئۆلچىمى؛ ئېسىل خىسلەت، ياخشى پەزىلەت، ئەدەپ.

مەسلەن: بىز ئەخلاقى ياخشى باللاردىن بولىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** پەزىلەت، ئەدەپ.

**ئەدەپلىك** (سۈپەت) ئەخلاقلىق، كىشىلەرگە ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، قائىدە-يوسۇنلۇق.

مەسلەن: ئادىلجان بەكمۇ ئەدەپلىك، ياخشى بالا بولدى.

**مەنىداش سۆزى:** ئەخلاقلىق، تەرتىپلىك.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەدەپسىز، ئەخلاقسىز، قائىدىسىز.

**ئەدەپلىك بولۇش** كىشىلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقىلەردە ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش، ئەخلاقلىق بولۇش.

مەسلەن: ياخشى باللار ھەممە جايدا ئەدەپلىك بولۇشى لازىم.

**مەنىداش سۆزى:** ئەخلاقلىق بولۇش.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەدەپسىز بولۇش، ئەخلاقسىز بولۇش.

**ئەزەلدىن** (رەۋىش) ① بۇرۇندىن تارتىپ، قەدىمكى ياكى ئۆتۈپ بولغان ھەرقانداق ۋاقىتتىن بۇيان، ئەسلىدىن، پەيدا بولۇشىدىن.

مەسلەن: ئۇ ئەزەلدىن تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرىدۇ.

② ھېچقاچان، ئەسلا، زادىلا.

مەسلەن: مەن ئەزەلدىن باشقىلارغا زىيان سالغان ئادەم ئەمەس.

**مەنىداش سۆزى:** ئەسلىدىن، بۇرۇندىنلا؛ ھېچقاچان، ئەسلا، زادىلا.

**ئەزىز** (سۈپەت) ئەتىۋارلىق، ناھايىتى قەدىرلىك، سۆيۈملۈك؛ ئىززەت-ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ.
مەسىلەن: بىز ئۆزىمىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ئەزىز يۇرتنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز.
**مەنىداش سۆزى:** قەدىرلىك، سۆيۈملۈك، ئەتىۋار.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خار، پەس، قەدىرسىز.

**ئەستايىدىل** (رەۋىش) چىن كۆڭلىدىن، قېتىرقىنىپ، پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن بېرىلىپ؛ ئەتراپلىق.
مەسىلەن: ئەخمەتجان قاسىمى كىچىك ۋاقتىدا ئەستايىدىل ئۆگىنىدىغان بىر بالا ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** بېرىلىپ، تەپسىلىي.

**ئەل** (ئىسىم) ① دۆلەت، مەملىكەت؛ يۇرت، دىيار.
مەسىلەن: بىز ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى خالايمىز.
② بىرەر جايدا ياشاۋاتقان كىشىلەر، ھەممە ئادەم، خەلق.
مەسىلەن: ئۇ ئۆز ئادەملىرىگە خائىنلىق قىلىپ، پۈتۈن ئەلنىڭ لەنىتىگە قالدى.
**مەنىداش سۆزى:** دۆلەت، ۋەتەن، مەملىكەت؛ خەلق.

**ئەلا** (سۈپەت) ① نەتىجىسى ئەڭ ياخشى، ھەرقايسى دەرسلەرنى ياخشى ئۆگەنگەن.
مەسىلەن: بىز ئەلا ئوقۇغۇچىلارنى ئۈلگە قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىمىز.
② سۈپەت ۋە پەزىلەت جەھەتتە ياخشى، ئېسىل، سۈپەتلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: بىز بۇ يىل ئەلا سورتلۇق بۇغداي تېرىدۇق.
**مەنىداش سۆزى:** ئەلاچى؛ ئېسىل، سۈپەتلىك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** لاياقەتسىز، ناچار؛ سۈپەتسىز.

**ئەلاچى** (سۈپەت) مەكتەپلەردە ئاساسىي پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە نەتىجىسى ئەلا بولغان، يەنى ئاساسىي پەرلەردىكى ئىمتىھان نەتىجىسى 90 ياكى 95 نومۇردىن يۇقىرى بولغان.
مەسىلەن: ئەلاچى ئوقۇغۇچى. ★ ئۇ بىرىنچى سىنىپتا ئەلاچى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئەلا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** لاياقەتسىز، ناچار.

**ئەللىك** (سان) «50» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى بەش يەردىكى ئونىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 49 دىن چوڭ، 51 دىن كىچىك پۈتۈن سان.

**ئەمگەك** (ئىسىم) ① دېھقانچىلىق، تازىلىق قاتارلىق جىسمانىي پائالىيەتلەر.
مەسىلەن: مەن بۈگۈن دادام بىلەن ئېتىزدا ئەمگەك قىلدىم.
② ئومۇمەن ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ بىلەن ئىشلىنىدىغان ئىش-پائالىيەت؛ مېھنەت، ئەجىر.
مەسىلەن: مۇئەللىم بىزنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپ ئەمگەك سىڭدۈردى.

**ئەمگەكچان** (سۈپەت) ئەمگەكنى، ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمگەك سۆيەر، ئىشچان.
مەسىلەن: مېنىڭ بوۋام ناھايىتى ئەمگەكچان ئادەم ئىدى.

مەنداش سۆزى: ئىشچان، غەيرەتلىك.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ھورۇن، بوشاڭ.

**ئەۋلاد** (ئىسىم) بىر دەۋردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان كىشىلەر.
مەسىلەن: بىز ياخشى ئوقۇپ ئەلگە كېرەكلىك ئەۋلاد بولىمىز.

## ب

**ب** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 3-ھەرپى.
**باتناش** (پېئىل) باشقىلاردىن رەنجىپ، سوغۇق مۇئامىلە قىلىش، تەتۈر قاراش، يامانلاش، قېيداش.
مەسىلەن: ئۇ تونۇگۈنكى ئىش ئۈچۈن تېخىچە باتناپ يۈرۈپتۇ.
مەنداش سۆزى: قېيداش، يامانلاش، نىزىقاش.

**باتۇر** (سۈپەت) خەۋپ-خەتەر، قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان؛ جەسۇر، يۈرەكلىك، غەيرەتلىك.
مەسىلەن: ماخمۇت ناھايىتى باتۇر يىگىت ئىدى.
مەنداش سۆزى: جەسۇر، قورقماس، يۈرەكلىك.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: قورقۇنچاق، يۈرەكسىز، توخۇ يۈرەك.

**بار** (سۈپەت) مەۋجۇت، نەق مەيداندا ھازىر ياكى تەييار.
مەسىلەن: ئالىم ئۆيدە بار ئىدى.
مەنداش سۆزى: مەۋجۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: يوق.

**باريكاللا** (ئىملىق) بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئېيتىلىدىغان «رەھمەت، مىڭ تەشەككۈر، بەك ياخشى بوپتۇ» دېگەن مەنىلەردىكى سۆز.
مەسىلەن: غۇنچەمنىڭ دادىسى: «باريكاللا قىزىم، ياخشى ئۆگىنىپسىز، سىزنى تەبرىكلەيمەن» دەپ غۇنچەمنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى.

**بار ئىكەن، يوق ئىكەن** «بولۇپ ئۆتكەن، شۇنداق ئىش بار دەپ ئىشىنىسەڭ بار، ئىشەنمىسەڭ يوق»، «بولغان ياكى بولمىغانلىقى نامەلۇم»، «بۇ بىر رىۋايەت» دېگەن مەنىلەردىكى چۆچەك-رىۋايەتلەرنىڭ باشلىنىش سۆزى. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى كۆپىنچە مۇشۇ سۆز بىلەن باشلىنىدۇ.
مەسىلەن: بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئىككى ئوغلاق بولغانىكەن.

**باش** ① (ئىسىم) جانلىقلار تېنىنىڭ كۆز، بۇرۇن، قۇلاق، ئېغىز، ئىڭەك قاتارلىق ئەزالىرى ئورۇنلاشقان جايى، كاللا.
مەسىلەن: مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ كەتتى.
② (ئىسىم) كۆكتات، زىرائەت قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى ياكى دېنى ئورۇنلاشقان كۆتمەك يېرى.
مەسىلەن: چامغۇر بېشى. ★ پىياز بېشى. ★ بۇغداي بېشى. ★ سەۋزە يوغان-يوغان باش ئېلىپتۇ.
③ (ئىسىم) نەرسىلەرنىڭ ئېگىز، ئۈست ياكى ئالدى، ئىلگىرىكى قىسمى، تەرىپى.
مەسىلەن: دەرەخ بېشى. ★ تونۇر بېشى. ★ ئېتىز بېشى. ★ يىل بېشى.

★ ئىشنىڭ بېشى.
④ (ئىسىم) ئەقىل-ھوش، زېھىن، مېڭە.
مەسىلەن: تولا سۆزلەپ، بېشىنى ئىلەشتۈرۈۋەتتىڭ.
⑤ (رەۋىش) دەسلەپ، ئىلگىرى، ئالدى بىلەن.
مەسىلەن: بىز باشتا «ئېلىپبە»دىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىدۇق.
**مەنىداش سۆزى:** كاللا؛ ئۈست؛ دەسلەپ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاياغ، ئاخىر، قۇيرۇق.

**بال** (ئىسىم) ھەسەل؛ ھەم تاتلىق، ھەم قۇۋۋەتلىك ئېسىل نەرسە.
مەسىلەن: چىك-چىك-چىك، / مەكتەپكە يول ئال. /
تىرىشىپ ئۆگەن، / ئۇستاز سۆزى بال.
**مەنىداش سۆزى:** ھەسەل.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زەھەر.

**بالا** I (ئىسىم) ① ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن بېقىپ تەربىيىلىنىۋاتقان پەرزەنت.
مەسىلەن: ئاتام مېنى «ياخشى بالام، ئوبدان ئوقۇ» دەپ ئەركىلەتتى.
② تېخى ئۆسۈۋاتقان ياش-ئۆسمۈر؛ چوڭ بولمىغان، بويىغا يەتمىگەن ئادەم.
مەسىلەن: رەسىمدىكى بالىلار نەگە كېتىۋاتىدۇ؟
**مەنىداش سۆزى:** پەرزەنت؛ ئۆسمۈر، ياش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قېرى، چال.

**بالا** II **(بالاسى)** (ئىسىم) باشقا كەلگەن ئېغىر ئاپەت، خەتەر، قازا.
مەسىلەن: مەن ئۇنى تىللاپ قويۇپ، بالاغا قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**مەنداش سۆزى:** ئاپەت، قازا.

**باھار** (ئىسىم) بىر يىلدىكى تۆت پەسىلنىڭ بىرى، قىش بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا كېلىدۇ. («ئەتىياز» سۆزىگە قاراپ پايدىلىنىلىڭ.)
مەسىلەن: باھار كەلدى، ھاۋا ئىسسىپ، قارلار ئېرىشكە باشلىدى.
**مەنداش سۆزى:** ئەتىياز.

**باي** (سۈپەت) پۇل-مېلى كۆپ، نۇرغۇن مال-دۇنياسى بار، پۇلدار.
مەسىلەن: باي ئادەم. ★ بىز دۆلىتىمىزنى تېخىمۇ باي، تېخىمۇ قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.
**مەنداش سۆزى:** دۆلەتمەن، پۇلدار.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەمبەغەل، نامرات.

**بايان قىلىش** سۆزلەپ ياكى يېزىپ چۈشەندۈرۈش، دەپ بېرىش، سۆزلەپ بېرىش.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق جۈملە بىلەن بايان قىلىڭلار.
**مەنداش سۆزى:** ئېيتىش، دېيىش، سۆزلەش.

**بايراق** (ئىسىم) بىرەر تەشكىلات، دۆلەت، ھەربىي قىسىم ياكى رايون، ئىدارە-ئورگان قاتارلىقلارنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن، تورلۇك سورۇنلاردا شۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەخسۇس ياسالغان رەخت پارچىسى.
مەسىلەن: مەن شاڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ بايرىقىنى كۆردۈم.

مەنىداش سۆزى: تۈغ، ئەلەم.

**بايراق چۈشۈرۈش** بايراق خادىسىنىڭ ئۇچىدىكى بايراقنى ھۆرمەت بىلەن ئاستا-ئاستا تارتىپ چۈشۈرۈش پائالىيىتى. بۇ مۇ كۆپچىلىكنىڭ دۆلەتكە ياكى ئۆز تەشكىلاتىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: مەن مەيداندا بايراق چۈشۈرۈشكە قاتناشتىم.

**بايراق چىقىرىش** بايراقنى ھۆرمەت بىلەن ئاستا-ئاستا تارتىپ خادىنىڭ ئۇچىغا چىقىرىش پائالىيىتى. بۇ كۆپچىلىكنىڭ دۆلەتكە ياكى ئۆز تەشكىلاتىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: بىز ھەر كۈنى سەھەردە بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىمىز.

**بايراقچە** (ئىسىم) ① قولدا كۆتۈرۈشكە ئەپلىك كىچىك بايراق.

مەسىلەن: مەن بۈگۈن ئىككى تال بايراقچە ياسىدىم.

② خەرىتە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە بايراققا ئوخشاش قىلىپ سىزىپ قويۇلغان ياكى قاداپ قويۇلغان كىچىك بەلگە.

مەسىلەن: قوماندان خەرىتىگە يەنە بىر بايراقچە قاداپ قويدى.

**بايرام** (ئىسىم) بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئومۇمىي خەلق بىرلىكتە مۇقىم ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئاممىۋى پائالىيەت.

مەسىلەن: مەن «1-ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدىكى ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىمەن.

**بايلىق** (ئىسىم) ① تۇرمۇشنى خاتىرجەم، خۇشال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەر.

مەسىلەن: ياخشى ئوقۇساق، ھەممە بايلىققا ئېرىشەلەيمىز.

② پۇل-دۇنياغا تويۇنغان باياشات تۇرمۇش ھالىتى، باي ھالەت.

مەسىلەن: مەن ئۇلارنىڭ بۇنچىلىك بايلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

**مەنىداش سۆزى:** باياشاتلىق، پاراۋانلىق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەمبەغەللىك، نامراتلىق.

**بايۇەچچە** (ئىسىم) باينىڭ بالىسى. ئادەتتە ھەددىدىن ئارتۇق پۇل خەجلەشكە ئامراق، ئابرۇي قوغلىشىپ كۆپ پۇل خەجلەپ بايلاردەك كىيىنىپ-ياسىنىپ بەتخەجلىك قىلىدىغان كىشىلەرمۇ «بايۇەچچە» دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: يەردە بايۇەچچىلەردەك ماڭمەن، ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمەن.

**بەت** (ئىسىم) كىتاب، گېزىت قاتارلىقلارنىڭ ۋارىقىنىڭ ھەربىر يۈزى.

مەسىلەن: ساۋاقداشلار، «رەسىملىك ئېلىپبە» كىتابىڭلارنىڭ 14-بېتىنى ئېچىڭلار.

**مەنىداش سۆزى:** سەھىپە، يۈز.

**بەختلىك** (سۈپەت) خۇشال-خورام تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، بەختى بار؛ ئامەتلىك، تەلەيلىك.

مەسىلەن: بىز بەختلىك بالىلار.

**مەنىداش سۆزى:** بەختىيار، سائادەتمەن.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەختسىز، شور پېشانە،

بىتەلەي.

**بەدەن** (ئىسىم) ئادەمنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى، بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.
مەسىلەن: بەدىنىمىزنى چېنىقتۇرۇپ، ساغلام بەدەن بولىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** تەن، گەۋدە.

**بەدەن چېنىقتۇرۇش** تەنھەرىكەت ۋە تۈرلۈك جىسمانىي ئەمگەكلەر ئارقىلىق، بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش.
مەسىلەن: بىز كۈندە سەھەردە تەنھەرىكەت ئويناپ، بەدەن چېنىقتۇرىمىز.

**بەش** (سان) «5» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى تۆتكە بىرنى ياكى ئىككىگە ئۈچنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان، تۆتتىن چوڭ، ئالتىدىن كىچىك پۈتۈن سان.
مەسىلەن: بەش تال بېلىق.

**بەك** (رەۋىش) ناھايىتى، ئىنتايىن، دەرىجىدىن تاشقىرى، ھەددىدىن ئارتۇق.
مەسىلەن: بىزنىڭ ئائىلىمىز بەكمۇ ياخشى ئائىلە.
**مەنىداش سۆزى:** ناھايىتى، قالتىس، ئىنتايىن، ئاجايىپ.

**بەڭۋاش** (سۈپەت) ئۆزى خالىغاننى قىلىپ يۈرۈيدىغان، باشباشتاق، كەپسىز، گەپ ئاڭلىمايدىغان.
مەسىلەن: بىز بەڭۋاش باللاردىن بولساق بولمايدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** باشباشتاق، كەپسىز، ئەدەپسىز.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مۇلايىم، يۇۋاش، ئەدەپلىك.

www.uyghurkitap.com

**بەلگە** (ئىسىم) ① مەخسۇس كۆرسىتىلگەن مەلۇم شەكىلگە ئىگە سىزىق، ئالامەت، ئىز، تامغا.
مەسىلەن: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ توغرىسىغا «√» بەلگىسىنى قويۇڭلار.
② ئاسان تونۇش ياكى بىر-بىرسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان نىشان، ئالامەت ياكى چۈشۈرۈلگەن شەكىل.
مەسىلەن: بىز ماڭغان يولىمىزغا بەلگە سىلىپ ماڭدۇق.
**مەنداش سۆزى:** ئالامەت، ئىز، تامغا، ئىزنا.

**بوتىلاق** (ئىسىم) تۆگىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى، تايلاق.
مەسىلەن: مەن هايۋانات باغچىسىدا ئىككى بوتىلاق كۆردۈم.
**مەنداش سۆزى:** تايلاق.

**بوغۇم** (ئىسىم) ① بۆلەك-بۆلەك قىسىملاردىن تۈزۈلگەن نەرسىلەرنىڭ هەربىر بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايى.
مەسىلەن: قومۇشنىڭ بوغۇمى.
② سۆزلەرنىڭ بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ ئېيتىلغان قىسمى. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ هەربىر بوغۇمىدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش ياكى بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر ۋە ياكى بىرنەچچە ئۈزۈك تاۋۇش بولىدۇ.
مەسىلەن: «ئانا» سۆزى «ئا» ۋە «نا»دىن ئىبارەت ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن.

**بويسۇنۇش** (پېئىل) ماقۇل بولۇپ كۆنۈش، ئىتائەت قىلىش، رىئايە قىلىش، ئەمەل قىلىش.

مەسلەن: ساۋاقداشلار، دەرسخانا تەرتىپىگە بويسۇنايلى.
**مەنىداش سۆزى:** رىئايە قىلىش، ئىتائەت قىلىش.

**بۇرۇنقى** (سۈپەت) ئاۋۋالقى، ئىلگىرىكى، ئۆتۈپ كەتكەن دەۋردىكى.
مەسلەن: بۇرۇنقى زاماندا كۆزى كىچىك، ئاغزى يوغان بىر باي ئۆتكەنىكەن.
**مەنىداش سۆزى:** ئىلگىرىكى، ئاۋۋالقى، قەدىمكى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەلگۈسى، كېيىنكى.

**بۇلۇڭ** (ئىسىم) ① يۆنىلىشى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تۈز سىزىقنىڭ مەلۇم ئورۇندا تۇتىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئورۇن ياكى شەكىل.
مەسلەن: ئەكبەر ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.
② ئاسان بايقىغىلى، تاپقىلى بولمايدىغان جاي، كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان خىلۋەت جاي.
مەسلەن: مەن باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا مۆكۈۋالغانىدىم.

**بۆلەك** ① (ئىسىم) نەرسىلەرنى پارچىلاش، بۆلۈشتىن ھاسىل بولغان ھەربىر پارچە، ھەربىر توپ.
مەسلەن: تۆت تال گۈلنى ئىككى بۆلەك قىلىپ تىزساق، بۇنىڭدا قانچە خىل تىزىش ئۇسۇلى بار؟
② (سۈپەت) باشقا، ئۆزگە، ئايرىم.
مەسلەن: مەن بىزنىڭ مۇئەللىمدىن بۆلەك مۇئەللىملەرنى تېخى تازا تونۇپ كەتمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**بىقىش** (پېئىل) ① قاراپ ياكى ئىشلەپ كۆرۈش.
مەسىلەن: سىز لەگلەك ياساپ باققانمۇ؟
② ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش؛ قوغداش، خەۋەر ئېلىش؛ كۆزەت قىلىش.
مەسىلەن: ئاتا-ئانام مېنى بىقىپ، مەكتەپكە بەردى.
**مەنىداش سۆزى:** كۆرۈش، قاراش؛ قوغداش، ئاسراش؛ كۆزىتىش.

**بىلەت** (ئىسىم) بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە مەلۇم ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بولىدىغان، مەتبەئەدە بېسىپ ياكى يېزىپ مەخسۇس تەييارلانغان نەرسە، مەلۇم چەك ئىچىدە قىممەتكە ئىگە قەغەز.
مەسىلەن: بوستان، مانا بەش بىلەت.

**بىخ** (ئىسىم) ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، ئۇرۇقى ياكى غول-شاخلىرىدىن يېڭىلا ئۆسۈپ چىققان قىسمى.
مەسىلەن: بىز تىككەن كۆچەتلەر يېڭى بىخ چىقىرىشقا باشلاپتۇ.

**بىر** ① (سان) ئەڭ كىچىك پۈتۈن سان ۋە بۇ ساننى ئىپادىلىگەن «1» رەقىمى.
مەسىلەن: بىرگە بىرنى قوشساق، ئىككى بولىدۇ.
② (سۈپەت) ئوخشاش، پەرقى يوق، پەرقسىز، ئورتاق.
مەسىلەن: ھەممىمىزنىڭ مەقسىتىمىز بىر، يەنى ياخشى ئوقۇش.

**بىر خانىلىق سان** يەككە بىرلا ساندىن ئىبارەت بولغان سان، يەنى 0 دىن 9 غىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سانلار.

مەسىلەن: بىز بىر خانىلىق سانلارنى قوشۇش ۋە ئېلىشنى ئۆگىنىپ بولدۇق.

**بىرلەر خانىسى** ماتېماتىكىدا سانلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ سانىغاندىكى بىرىنچى ئورۇن.
مەسىلەن: 34 نىڭ بىرلەر خانىسى 4 نى كۆرسىتىدۇ.

**بىرلەشتۈرۈش** (پېئىل) ئۆزئارا قوشۇپ بىر قىلىش، قوشۇش، باغلاشتۇرۇش.
مەسىلەن: بۇ رەسىمنى يۇقىرىقى رەسىملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** قوشۇش، بىر قىلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئايرىش، بۆلۈش.

**بىلىم** (ئىسىم) كىشىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق هاسىل قىلغان تەجرىبە ۋە چۈشەنچىلىرىنىڭ يىغىندىسى، نەرسىلەر ھەققىدىكى توغرا چۈشەنچە ۋە مەلۇمات.
مەسىلەن: يەتتە ياشقا كىرسەممۇ، / دەيدۇ خەقلەر «بالىسەن». / بىرىنچىنى تۈگىتىپ، / كۆپلەپ بىلىم ئالدىم مەن.
**مەنىداش سۆزى:** بىلىك، مەلۇمات

**بىرمۇبىر** (رەۋىش) ئۆز تەرتىپى بويىچە بىرىنىمۇ قالدۇرماي، بىردىن-بىردىن، ھەربىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا، بىر-بىرلەپ.
مەسىلەن: رەسىمدىكىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پ

**پ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 4-ھەرپى.

**پائالىيەت** (ئىسىم) مەلۇم مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىش، مەشغۇلات، ھەرىكەت.
مەسىلەن: ئۇ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردىمۇ ناھايىتى ئاكتىپ.

**پارچە** ①(ئىسىم) پۈتۈن نەرسىنىڭ بىر بۆلىكى؛ پۈتۈن نەرسىدىن ئايرىپ ئېلىنغان بۆلەك.
مەسىلەن: قەغەز پارچىسى.
② (سۈپەت) مەلۇم بىر پۈتۈنلۈككە توشمايدىغان، پۈتۈن ئەمەس.
مەسىلەن: پارچە پۇل. ★ پارچە سان.
③ (مىقدار) قەغەز، رەخت ياكى شۇ قاتارلىق نېپىز نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى ھەربىر پارچە رەسىمنى ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرۈڭلار.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پۈتۈن.

**پاسكىنا** (سۈپەت) بۇلغانغان، كىرلەشكەن، مەينەت، كىر، پاكىز ئەمەس.
مەسىلەن: پاسكىنا نەرسىلەرنى قالايمىقان تۆتماسلىق كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** مەينەت، كىر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پاكىز، تازا، پاك، ساپ.

**پاكىز** (سۈپەت) پاسكىنا بولمىغان، كىر قونمىغان؛

يېڭى.
مەسىلەن: دەپتەر-كىتابلىرىمىزنى پاكىز، رەتلىك تۇتايلى.
**مەنىداش سۆزى:** تازا، پاك، ساپ، كىرسىز.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مەينەت، پاسكىنا، كىر.

**پالۋان** (سۆپەت) جىسمانىي كۈچى زور؛ جەڭ-چېلىشلاردا ھەممىنى يېسىپ چۈشىدىغان، چېلىشقا ھەم ئېتىشقا ماھىر، باتۇر.
مەسىلەن: غېنى باتۇر ناھايىتى پالۋان كىشى ئىدى. ★ سادىر پالۋان خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، يامۇل چېرىكلىرىگە قارشى مەردانىلارچە كۆرەش قىلغان قەھرىماندۇر.
**مەنىداش سۆزى:** باتۇر، نوچى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورقۇنچاق، ئاجىز، زەئىپ.

**پالىنىش** چەت، يىراق، تۇرمۇشى جاپالىق جايلارغا ھەيدىلىش، سۈرگۈن قىلىنىش، قوغلىنىش (ئۆتمۈشتە گۇناھكارلار مۇشۇنداق جازالىنىدىغان ئەھۋال بار ئىدى).
مەسىلەن: سادىر پالۋان قومۇلغا پالانغانىدى.
**مەنىداش سۆزى:** ھەيدىلىش، قوغدىلىنىش، سۈرگۈن بولۇش.

**پايتەخت** (ئىسىم) بىرەر دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئورۇنلاشقان شەھەر، يەنى دۆلەتنىڭ سىياسىي مەركىزى.
مەسىلەن: ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭ.
**مەنىداش سۆزى:** ئاستانە، مەركەز.

**پايدىلىنىش** (پېئىل) ئىشلىتىش، قوللىنىش؛ ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش.
مەسىلەن: تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملىنى تولۇقلاپ سۆزلەڭلار.

**پەرق** (ئىسىم) نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىق، خاسلىق.
مەسىلەن: «س، ش» ھەرپلىرىنىڭ پەرقى نېمىدە؟ ئېيتىپ بېقىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** ئوخشاشماسلىق، خاسلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوخشاشلىق، ئورتاقلىق.

**پەرق ئېتىش** نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىقنى سېلىشتۇرۇپ بىلىش، تېپىپ چىقىش.
مەسىلەن: دىققەت قىلساقلا، رەڭلەرنى پەرق ئېتىش ئاسان.
**مەنىداش سۆزى:** پەرقلەندۈرۈش، ئايرىش.

**پەرقلەندۈرۈش** (پېئىل) نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىقنى كۆزىتىپ بىلىش، پەرقىنى ئايرىش.
مەسىلەن: «ئا»، «ئە» ھەرپلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈپ توغرا، چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

**پەرۋاز قىلىش** بوشلۇقتا، ھاۋادا ئەركىن-ئازادە ئۇچۇش، قانات قېقىپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈش، ئۇچۇش.
مەسىلەن: دۇلدۇل ئامانقۇلنى ئېلىپ كۆك ئاسمانغا پەرۋاز قىپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇچۇش، قانات قېقىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆمىلەش؛ قونۇش.

**پەسىل** (ئىسىم) بىر يىلدىكى ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئايرىلغان تۆت مەۋسۇمنىڭ ھەر بىرى.

بىر يىل ھاۋا رايى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ.

مەسىلەن: بىز كۈز پەسلىدە پاختا تەرگىلى چىقىمىز. ★ بۇ قايسى پەسىل؟ قانداق بىلدىڭلار؟

**پەن** I (ئىسىم) ① ئادەملەر ۋە تەبىئەتتىكى تۈرلۈك-تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي ھالەتلىرىنى، سىر-قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىلىملەر يىغىندىسى، ئىلىم.

مەسىلەن: بىزنىڭ پەن تەتقىقاتىمىز كۈنسېرى چوڭقۇرلاشماقتا.

② مەلۇم بىر دائىرىگە ياكى ئايرىم ساھەگە تەۋە بولغان ئىلىم.

مەسىلەن: تەبىئىي پەن. ★ ئىجتىمائىي پەن.

**مەنىداش سۆزى:** ئىلىم، بىلىم.

**پەن** II (ئىسىم) تاختاي، شال.

مەسىلەن: بىز بازاردىن ئۈچ پارچە پەن سېتىۋالدۇق.

**مەنىداش سۆزى:** تاختاي، شال.

**پولات قۇش** ئايروپىلان، يەنى ئايروپىلاننىڭ ئوبرازلىق ئېيتىلىشى.

مەسىلەن: ئاسماندىكى پولات قۇش، / ئۇيناپ-ئۇيناپ ئۇچسەن. / قايىل قىلىپ ھەممىنى، / ھەردەم زەپەر قۇچسەن.

**پۇختا** (سۈپەت) ① ناھايىتى مۇكەممەل، پىششىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىق.
مەسلەن: تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى پۇختا مەشىق قىلىپ ئۆگىنىۋېلىڭلار.
② چىداملىق، مۇستەھكەم، مەزمۇت، چىڭ، ئاسان بۇزۇلمايدىغان.
مەسلەن: بۇ ماشىنا ناھايىتى پۇختا ياسىلىپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** پىششىق، مۇكەممەل؛ چىڭ، مەزمۇت.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوش، ئاجىز، چىدامسىز.

**پۇڭ** I (ئىسىم) دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ كىچىك پارچە پۇل بىرلىكى. يەنى بىر موننىڭ ئوندىن بىرىگە، بىر يۈەننىڭ يۈزدىن بىرىگە تەڭ پۇل.
مەسلەن: بىر پۇڭنىمۇ ساقلاپ قويۇش كېرەك، چۈنكى پۇل دېگەن ئاز-ئازدىن توپلىنىپ كۆپ بولىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** تىيىن.

**پۇڭ** II (مىقدار) يەرنىڭ يۈزىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى، ئادەتتە تەخمىنەن 66.7 كۋادرات مېتىرغا تەڭ، يەنى بىر موننىڭ ئوندىن بىرىگە تەڭ. تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى 13.3 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر بولغان يەر بىر پۇڭ كېلىدۇ.
مەسلەن: بىز بۇ يىل ئۈچ پۇڭ يەرگە سەي تېرىدۇق.

**پۈتۈن** (سۈپەت) ① سۇنۇپ ياكى پارچىلىنىپ كەمتۈك بولۇپ قالمىغان، ھەممە يېرى ياكى ھەممىسى تولۇق، مۇكەممەل.
مەسلەن: ئۇ پۈتۈن بىرناننى يەپ بولدى. ★ دادام ماڭا ئون يۈەنلىك پۈتۈن پۇلدىن بىرنى بەردى.
② بارلىق، بارچە، ھەممە، جىمى.

مەسىلەن: بۈگۈن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار كۆچەت تىكىشكە باردۇق.
③ خاتىرجەم، توق.
مەسىلەن: ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم پۈتۈن بولۇپ قالدى.
**مەنىداش سۆزى:** تولۇق، مۇكەممەل؛ بارلىق، ھەممە، جىمى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېرىم، كەمتۈك، پارچە؛ بىر قىسىم، ئايرىم.

**پۈتۈن ئونلۇق سان** بىر ياكى بىرقانچە دانە ئونىنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، ئونغا پۈتۈن بۆلۈنىدىغان سان، يەنى 10، 20، 30 ... قاتارلىق سانلار.
مەسىلەن: مەن ئىككى خانىلىق ساندىن پۈتۈن ئونلۇق ساننى ئېلىشنى بىلىمەن.

**پۈركىنىش** (پېئىل) ئورىنىش، قاپلىنىش، تولۇش؛ يۆگىنىش.
مەسىلەن: باھار كەلدى، ھەممە يەر گۈللەرگە پۈركەندى.
**مەنىداش سۆزى:** ئورىنىش، قاپلىنىش.

**پىشىش** (پېئىل) ① يېسە ئادەمگە قۇۋۋەت قىلغۇدەك ھەم تاتلىق تېتىغۇدەك ھالەتكە كېلىش، خېمى تۈگەپ تاتلىق بولۇش، يېگۈدەك بولۇش.
مەسىلەن: بىزنىڭ باغدا ئەنجۈر پىشتى.
② بىرەر ئىشنى مۇستەقىل قىلالىغۇدەك بولۇش، يېتىلىش.
مەسىلەن: ئالىم كىچىك بولسىمۇ، ئىشقا پىشتى.

**پىئونېر** (ئىسىم) ئۆگىنىش، ئەخلاق، ئىنتىزامدا

ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى بولۇپ پىئونېرلار تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان ئوقۇغۇچى، پىئونېرلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى.
مەسىلەن: مەن پىئونېر بولدۇم.

# ت

**ت** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 5-ھەرپى.

**تاپشۇرۇق** (ئىسىم) ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن ئۆزى مۇستەقىل ئورۇنلاپ كېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن دەرس تەكرارلاش ياكى مەسىلىلەرنى يېشىش ۋەزىپىسى، مەشىق ۋەزىپىسى.
مەسىلەن: ئوقۇتقۇچى بىزگە ھېساب دەرسىدىن تاپشۇرۇق بەردى.

**تازىلىق** (ئىسىم) ① كىر-پاسكىنىچىلىقلارنى تۈگىتىپ پاكىز، تازا بولۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت، پاكىزلىك ئۈچۈن قىلىنغان ئىش.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن سىنىپ بويىچە تازىلىق قىلىمىز.
② پاكىزلىك، پاكىز، تازا ھالەت.
مەسىلەن: ئۆيلەرنىڭ تازىلىقى ياخشى ئىكەن.

**تار** (سۈپەت) توغرىسى، ئېنى كىچىك، كەڭ ئەمەس؛ كىچىك، زىچ.
مەسىلەن: بۇ دەپتەرنىڭ قۇرلىرى بەك تار ئىكەن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەڭ، ئازادە؛ شالاڭ، چوڭ.

**تاغا** (ئىسىم) ئاتا ياكى ئانىنىڭ بىر تۇغقان ئەر

قىرىنداشلىرى؛ ئاكا.
مەسىلەن: مەن تاغام بىلەن يېزىغا بېرىپ كەلدىم.

**تاماشىبىن** (ئىسىم) سەنئەت قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئويۇنلىنىدىغان ياكى كۆرسىتىلىدىغان تۈرلۈك ئويۇن-تاماشىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ياكى كۆرۈۋاتقان كىشى، تاماشا كۆرگۈچى.
مەسىلەن: بۈگۈن زال تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولۇپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** كۆرەرمەن.

**تاماق** (ئىسىم) ئۈن-گۈرۈچ قاتارلىقلاردىن پىشۇرۇپ تەييارلانغان، يېيىلىدىغان تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، غىزا، تائام.
مەسىلەن: ئالىم بىلەن پەرىدە تاماق يېۋاتىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** غىزا، تائام، ئاش.

**تانكىست** (ئىسىم) تانكا ھەيدەش ماھارىتى يۇقىرى بولغان تانكا ھەيدىگۈچى كىشى.
مەسىلەن: مەن چوڭ بولغاندا تانكىست بولىمەن.
**مەنىداش سۆزى:** تانكىچى.

**تەبىئەت مەنزىرىسى** زېمىندىكى تاغ-دەريا، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، ئۆي-ئىمارەت ۋە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى، كۆرۈنۈشى.
مەسىلەن: رەسىمدىكى تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆزىتىڭلار ۋە سۆزلەپ بېرىڭلار.

www.uyghurkitap.com

**تەر تۆكۈش** ئەجىر قىلىش، ئەمگەك سىڭدۈرۈش، ئىشلەپ جاپا چېكىش.
مەسىلەن: مۇئەللىم بىزنى ساۋاتلىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەر تۆكتى.
**مەنداش سۆزى:** ئەجىر قىلىش، جاپا چېكىش.

**تەرتىپ** (ئىسىم) ① رەت، قاتار، نەرسىلەرنىڭ مەلۇم ھالەتتە جايلىشىشىدىن ھاسىل بولغان سەپ.
مەسىلەن: تەرتىپ بويىچە زالغا كىرىڭلار.
② تۈرغۈزۈلغان قائىدە-تۈزۈم، ئىنتىزام.
مەسىلەن: ساۋاقداشلار، قالايمىقانلاشماڭلار، تەرتىپ ساقلاڭلار!
**مەنداش سۆزى:** رەت، قاتار، سەپ؛ ئىنتىزام، تۈزۈم.

**تەرتىپلىك** ① (سۈپەت) تەرتىپ-تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان، ئىنتىزامچان.
مەسىلەن: بىز تەرتىپلىك ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇشىمىز لازىم.
② (رەۋىش) رىتى بويىچە، بىردىن-بىردىن تەرتىپ بىلەن، قالايمىقان قىلىۋەتمەي.
مەسىلەن: سىلەر باللار بايرىمىنى قانداق ئۆتكۈزدۈڭلار؟ تەرتىپلىك سۆزلەڭلار.
**مەنداش سۆزى:** ئىنتىزامچان، قائىدىلىك؛ رەتلىك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەرتىپسىز، رەتسىز، قالايمىقان.

**تەقدىم قىلىش** ھۆرمەت بىلەن بېرىش، خۇشاللىق بىلەن ھەدىيە قىلىش.
مەسىلەن: رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار، كىم كىمگە نېمە

تەقدىم قىلىنىۋاتىدۇ؟
**مەنىداش سۆزى:** ھەدىيە قىلىش، بېرىش، سوۋغا قىلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تارتىۋېلىش، ئېلىۋېلىش، بۇلاش.

**تەكرار** ① (رەۋىش) قايتا، ياندۇرماي، قايتا-قايتا، ئارقا-ئارقىدىن.
مەسىلەن: سۆزۈڭ تاتلىق بولسۇن، تەكرار سۆزلىمە (ماقال).
② (ئىسىم) مەكتەپلەردە ئۆگەنگەننى پۇختىلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قايتىلاپ ئۆگىنىش، مۇزاكىرە.
مەسىلەن: ئالىم بۈگۈن تەكرارغا قاتناشمىدى.
③ (ئىسىم) ماتېماتىكا كىتابلىرىدا ھەربىر دەرستىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپ، ئۆگەنگەنلىرىنى مۇستەقىل ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن بېرىلگەن مىسال ياكى مەسىلىلەر، كۆنۈكمە.
مەسىلەن: مەن ئۇمۇمىي تەكراردىكى ئىككى مىسال بىلەن بىر مەسىلىنى ئىشلىيەلمىدىم.

**تەكشۈرۈش** (پېئىل) قانداقلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆزىتىش ياكى سىلىشتۇرۇپ باھالاش، مەقسەتلىك كۆزىتىش.
مەسىلەن: تۆۋەندىكى رەسىمنى «تازىلىق تەكشۈرۈش» دېگەن سۆزدىن پايدىلىنىپ سۆزلەڭلار.

**تەڭ** ① (سۈپەت) چوڭ-كىچىكلىكى، ئېگىز-پەسلىكى، مىقدارى، ھەجمى، ئورنى ياكى شۇ قاتارلىق تەرەپلەردە ئوخشاش، باراۋەر، پەرقى يوق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەسىلەن: سەمەت مەن بىلەن تەڭ.

② (رەۋىش) بىراقلا، بىردەك، تەكشى، ئوخشاش ھالدا.

مەسىلەن: بىز ھەممىمىز تەڭ كۆلدۇق.

③ (ئىسىم) ماتېماتىكىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىككى تەرەپتىكى سان-مىقدار ياكى نەتىجىنىڭ باراۋەر قىممەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە. يەنى «=» بەلگىسى.

**مەنىداش سۆزى:** ئوخشاش، باراۋەر؛ بىردەك.

**تەلەپپۇز** (ئىسىم) تاۋۇش ياكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇغاندا چىققان ئاۋاز، ئۈنلۈك ئوقۇش.

مەسىلەن: «ئى»، «ئې» ھەرپلىرىنى توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

**تەن** (ئىسىم) ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنى، گەۋدە.

مەسىلەن: تەن ساقلىق — زور بايلىق (ماقال). ★ بوۋامنىڭ تېنى ئاجىزلاپ قالدى.

**مەنىداش سۆزى:** بەدەن، گەۋدە.

**تەنەپپۇس** (ئىسىم) دەرس، ئەمگەك ۋە باشقا پائالىيەتلەر ئارىلىقىدىكى ئارام، قىسقا دەم ئېلىش.

مەسىلەن: سىلەرمۇ تەنەپپۇس ۋاقتىدا «ياغلىق تاشلاش» ئويۇنىنى ئويناڭلار.

**توغرا** ① (سۈپەت) ئەقىلغا ئۇيغۇن، خاتاسى يوق، ھەقىقىي، راست؛ دەلمۇدەل.

مەسىلەن: رەسىمگە قاراپ، رەسىمدىكىلەرنىڭ توغرا-خاتاسىغا ھۆكۈم

قىلىقلار.
② (ئىسىم) كەڭلىك، ئەن، يەنى نەرسىلەرنىڭ تىك ياكى ئۇزۇن تەرىپى بىلەن تىك كېسىشكەن يەنە بىر تەرىپى.
**مەنىداش سۆزى:** ھەق؛ راست.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خاتا؛ يالغان.

**توقسان** (سان) «90» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى توققۇز يەردىكى ئوننىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 89 دىن چوڭ، 91 دىن كىچىك پۈتۈن سان.

**توققۇز** (سان) «9» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى سەككىزگە بىرنى ياكى تۆتكە بەشنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان، سەككىزدىن چوڭ، ئوندىن كىچىك پۈتۈن سان.
مەسىلەن: توققۇز دانە شار.

**توك** (سۈپەت) ① سوغۇقتىن مۇزلاپ قاتقان، مۇزغا ئايلانغان.
مەسىلەن: ئۇ توك يەرگە بەك قاتتىق يىقىلىپ چۈشتى.
② تېخى پىشمىغان، ئېتى يۇمشىمىغان، خام، تەمسىز.
مەسىلەن: ئۇ توك ئالمىنى بىر چىشلەپلا تاشلىۋەتتى.
③ مۇئامىلىسى قوپال، ئاسانلا كىشىنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان.
مەسىلەن: ھەسەن ئاكام ناھايىتى توك ئادەم ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** قاتتىق، خام؛ قوپال، سۆرۈن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پىشىق، يۇمشاق؛ سىلىق، مۇلايىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**تولا** (سۈپەت) سان-مىقدار جەھەتتىن كۆپ، نۇرغۇن، جىق.
مەسىلەن: دادام ئۇلارنى ئىزلەپ تولا باردى، بىراق ھېچ تاپالمىدى.
**مەنىداش سۆزى:** كۆپ، نۇرغۇن، جىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاز، كەم، كەمدىنكەم.

**تولۇق** (سۈپەت) ھېچقانداق كەم-چالىسى يوق، بىر بۆلىكىمۇ چۈشۈپ قالمىغان، كەم-كۈتە ئەمەس.
مەسىلەن: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تولۇق جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** پۈتۈن، مۇكەممەل.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چالا، يېرىم-يارتا، كەم.

**تولۇقلاش** (پېئىل) ① كېمىنى قوشۇپ پۈتۈن قىلىش، تولدۇرۇش.
مەسىلەن: ئۇ قولىدىكى ئالمىغا يەنە ئىككى دانە ئالما قوشۇپ ئونغا تولۇقلىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئەسلى قانچە دانە ئالما بار ئىدى؟
② سۆز ياكى گەپ قوشۇپ راۋان قىلىش، راۋان ھالەتكە كەلتۈرۈش.
مەسىلەن: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تولۇقلاپ سۆزلەڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** تولدۇرۇش، پۈتۈنلەش، توشقۇزۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كېمەيتىش، ئازلىتىش، كەملىتىش.

**تومۇز** ① (ئىسىم) يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق ۋاقتى، بەك ئىسسىق مەزگىل.
مەسىلەن: بىز تازا تومۇزدا سەھراغا ئارام ئالغىلى كېتەتتۇق.

② (سۈپەت) بەك ئىسسىق، تىنجىق.
مەسىلەن: ــ بۇنداق تومۇزدا قانداق ئورما ئورالايمىز، ــ دېدى ئەكبەر سۆگەت سايىسىدا يېتىۋېلىپ.
**مەنىداش سۆزى:** ئىسسىق، تىنجىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** زېمىستان، قىش، سوغۇق.

**تۇتۇق** (سۈپەت) ① بۇلۇت ياكى تۇمان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قاپلانغان، ئوچۇق ئەمەس، غۇۋا.
مەسىلەن: ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، قۇياشنى كۆرگىلى بولمايتتى.
② پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، مۇجمەل، ئىمىر-چىمىر.
مەسىلەن: تۆنۈگۈن چۈشكەن رەسىملىرىمىز بەك تۇتۇق چىقىپ قاپتۇ.
③ ئاچچىق ياكى غەمدىن قاپاقلىرى تۈرۈلگەن.
مەسىلەن: دادامنىڭ چىرايلىرى تۇتۇق ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** غۇۋا، مەۋھۇم؛ مۇجمەل؛ خاپا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوچۇق، ئېنىق؛ خۇش.

**تۇتۇلۇش** (پېئىل) ① قولغا چۈشۈش.
مەسىلەن: توشقان تۇتۇلدى. ★ كىتاب ئوغرىسى تۇتۇلدى.
② بۇلۇت، تۇمان قاتارلىقلار بىلەن قاپلىنىش، تۇتۇق بولۇپ قېلىش.
مەسىلەن: ھاۋا يەنە تۇتۇلدى.
③ تۈرۈلۈش، ئۆزگىرىش، ئۆڭۈش.
مەسىلەن: دادامنىڭ چىرايى يەنە تۇتۇلۇپ، ماڭا تەتۈر قاراشقا باشلىدى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قۇتۇلۇش؛ ئېچىلىش.

**تۇياق** ① (ئىسىم) بىر قىسىم سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدىكى مۈڭگۈزگە ئوخشاش چوقچىيىپ چىقىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇرغان قاتتىق قىسمى.
مەسىلەن: قوي ئاچا تۇياق ھايۋان.
② (مىقدار) ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «دانە، باش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئاساسەن تۇيىقى بار ھايۋانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن: 8 تۇياق چوڭ كالا ۋە 5 تۇياق موزاي بار، ئۇنداق بولسا جەمئىي نەچچە تۇياق بولىدۇ؟

**تۇيۇش** (پېئىل) بىلىپ قېلىش، بايقاش، سېزىش، بىلىۋېلىش.
مەسىلەن: ئارقىسىغا ياغلىق تاشلانغانلىقىنى تۇيماي قالغان بالا سەنئەت نومۇرى ئورۇنلاپ بېرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** بىلىش، بايقاش، سېزىش.

**تۇيۇقسىز** (رەۋىش) تۇيمىغان ياكى تۇيدۇرمىغان ھالدا، ھېچبىر بىلمەستىنلا، كۈتۈلمىگەن يەردىن.
مەسىلەن: بىر كۈنى ئىككىسى تۇيۇقسىز ئىنچىكە تاختا كۆۋرۈكتە بىر-بىرىگە دۈچ كېلىپ قاپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** تۇساتتىن، ئۇشتۇمتۇت، كۈتۈلمىگەندە.

**تۆت** (سان) «4» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى ئۈچكە بىرنى ياكى ئىككىگە ئىككىنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان، ئۈچتىن چوڭ، بەشتىن كىچىك بولغان پۈتۈن سان.
مەسىلەن: تۆت دانە چۈجە.

**تۆۋەن** ① (سۈپەت) پەس، ئاست؛ ئېگىز، يۇقىرىغا

نىسبەتەن پاكار؛ يۇقىرى ئەمەس.
مەسىلەن: يىڭناغۇچ تۆۋەن ھەم ئاستا ئۇچىدۇ. ★ مېنىڭ نەتىجەم ئالىمدىن تۆۋەن ئىكەن.
② (ئىسىم) تۇرغان، جايلاشقان ئورنى ياكى ھوقۇق دەرىجىسى جەھەتتىن پەس ياكى كىچىك بولغان ئورۇن، جاي ياكى تەشكىلات، ئىدارە-ئورگان.
مەسىلەن: بىز تاغدىن تۆۋەنگە چۈشتۇق. ★ ئۇلار خىزمەت تەكشۈرۈپ تۆۋەنگە چۈشتى.
**مەنىداش سۆزى:** پەس، ئاست، تەكت.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېگىز، يۇقىرى، ئۈست.

**تۆۋەندىكى** (سۈپەت) بىرەر جاي، نەرسە ياكى ئىش-پائالىيەتنىڭ ئايغى ياكى ئاخىرقى قىسمىغا جايلاشقان، پەستىكى، ئاخىرىدىكى.
مەسىلەن: تۆۋەندىكى جۈملىنى تولۇقلاپ سۆزلەڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** تۆۋەنكى، ئاستىدىكى، ئاستىنقى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يۇقىرىقى، يۇقىرىدىكى، ئۈستۈنكى، ئۈستىدىكى، تۆپىدىكى.

**تۇرلۇك** (سۈپەت) ① خىل، تارماق، ياڭزا.
مەسىلەن: ئۇ يېڭى بىر تۇرلۇك ماشىنا ياساپتۇ.
② بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان خىلمۇخىل، ھەر ياڭزا، ھەر خىل.
مەسىلەن: ئۇلارنىڭ ھويلىسىدا تۇرلۇك گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** خىلمۇخىل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
كىتاب تور بېكىتى

**تۈزۈلۈش** (پېئىل) ياسىلىش، شەكىللىنىش، تەشكىل تېپىش.
مەسىلەن: «ئالما» سۆزىنىڭ نەچچە ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىكىنى دەپ بېقىڭلار.

**تۈزۈم** (ئىسىم) تۈرلۈك ئورۇن ۋە سورۇنلاردا كىشىلەر ئورتاق بويسۇنۇشى كېرەك بولغان قائىدە-بەلگىلىمىلەر، ھەرىكەت قىلىش قائىدىسى.
مەسىلەن: بىز مەكتەپ تۈزۈمگە بويسۇنىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** بەلگىلىمە، مىزان، قائىدە.

**تۇس** (ئىسىم) ① رەڭ-بوياقلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئايرىم تۈرى، رەڭ.
مەسىلەن: دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ ياپيېشىل تۇسكە كىردى.
② تاشقى كۆرۈنۈش، قىياپەت، تۈرق-ھالەت، سىياق.
مەسىلەن: ئۇلار ئىككىسى دۈشمەن تۇسىگە كىرىۋېلىپ، شەھەرگە كىرىپ كەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** رەڭ؛ پەيىل، سىياق؛ ھالەت.

**تۈن** (ئىسىم) كەچ كىرگەندىن باشلاپ تاڭ يورۇغىچە بولغان ۋاقىت، قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۇخلايدىغان ۋاقىت، كېچە.
مەسىلەن: مەن بۈگۈن تۈن بويى دادامنى ساقلاپ ئۇخلىمىدىم.
**مەنىداش سۆزى:** كېچە.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۈندۈز.

**تېز** (رەۋىش) ھەرىكىتى بەك ئىتتىك، چاپسان، سۈرئىتى

يۇقىرى.
مەسىلەن: ئايروپىلان ھەم ئېگىز، ھەم تېز ئۇچىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئىتتىك، چاپسان، ئىلدام.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاستا، ئالدىرىماي، گال.

**تېزلىك** (ئىسىم) ① ھەرىكەت سۈرئىتى، ئىتتىكلىك دەرىجىسى، يۈرگەندىكى تېز ياكى ئاستا ھالىتى.
مەسىلەن: ماشىنىنىڭ تېزلىكى ۋېلىسىپىتنىڭكىدىن يۇقىرى.
② چاققانلىق، چاپسانلىق، ئىلداملىق.
مەسىلەن: ئالىم تېزلىك بىلەن سىنىپقا كىرىپ كەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** ئىتتىكلىك، ئىلداملىق؛ چاپسانلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاستىلىق؛ گالۋاڭلىق.

**تېكىست** (ئىسىم) كىتابلارغا يېزىلغان تۈرلۈك ئەسەرلەرنىڭ بايان قىسمى، يازما بايانىنىڭ ھەممىسى ياكى مەلۇم بۆلىكى، قىسمى؛ دەرس.
مەسىلەن: غۇنچەم «ئېلىپبە» كىتابىدىكى بىر تېكىستنى قىلچە دۇدۇقلىماي، شارىلداپ ئوقۇپ بەردى.

**تېگىشلىك** (سۈپەت) ① مۇۋاپىق، لايىق، مۇناسىپ، ماس كېلىدىغان؛ زۆرۈر بولغان.
مەسىلەن: «يەر جاھان ...... بىلەن پۈركەندى» دېگەن جۈملىدىكى كۆپ چېكىتنىڭ ئورنىغا تېگىشلىك سۆزنى قويۇپ، جۈملىنى تولدۇرۇپ كۆچۈرۈڭلار.
② تەۋە، تەئەللۇق؛ تەقسىم بولغان، بۆلۈنگەن.
مەسىلەن: مەنمۇ ئالمىلارنىڭ ئۆزۈمگە تېگىشلىك قىسمىنى ئېلىپ سومكامغا سالدىم.

www.uyghurkitap.com

**مەنىداش سۆزى:** لايىق، مۇناسىپ؛ تەۋە.

**تىرناق** (ئىسىم) ① ئادەملەرنىڭ بارماق ۋە پۇتىنىڭ ئۇچى، بەزى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ پۇت، پەنجىلىرىنىڭ ئۇچى قىسمىدىكى ئەتكە يېپىشىپ ئۆسۈپ چىققان قاتتىق نەرسە.
مەسىلەن: تىرناقنى ۋاقتىدا ئېلىپ تۇرۇش كېرەك، تىرناقنى ئۆستۈرۈۋېتىش پاسكىنىلىق. ★ بۈركۈتنىڭ تىرناقلىرى بەك ئۆتكۈر.
② ماتېماتىكىدا ماتېماتىكىلىق ئىپادىنىڭ تەركىبى قىسىملىرى ئارىسىدىكى بىرىكىش مۇناسىۋىتى ۋە ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. ئۇنىڭ كىچىك تىرناق ( )، ئوتتۇرا تىرناق [ ]، چوڭ تىرناق { } دېگەندەك تۈرلىرى بار. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەن يىللىقلىرىدا كۆپىنچە كىچىك تىرناق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
مەسىلەن: «8+( )=20» بولسا، تىرناق ئىچىگە قانچىنى يېزىش كېرەك؟ (جاۋابى: 12)

**تىرىشچان** (سۈپەت) ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان، غەيرەتلىك، ھورۇن ئەمەس.
مەسىلەن: ئۇچقۇن تىرىشچان بالا.
**مەنىداش سۆزى:** غەيرەتلىك، ئىشچان.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوشاڭ، ھورۇن، ئېزىلەڭگۈ.

**تىرىشىش** (پېئىل) پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشىش، پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى چىقىرىپ بېرىلىش، قاتتىق كۈچەش.
مەسىلەن: يالقۇن تىرىشىپ ئوقۇيدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** قېتىرقىنىش، كۈچەش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوشىش.

**تىك** ① (سۈپەت) تۆۋەندىن يۇقىرىغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تۈپتۈز ئورۇنلاشقان، ھېچقانداق يانتۇ ياكى قىيا بولۇپ قالمىغان.
مەسىلەن: بىز خادىنى تىك ئورۇنلاشتۇردۇق. ★ ئۇ تىك ياردىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ.
② (رەۋىش) تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۇدۇل، تۈز.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى جەدۋەلگە تىك بويىچە قارىغاندا، ھەرقايسى قاتارلار قانداق تىزىلغان؟

**تىك موللاق چۈشۈش** كاللىسى ئاستىدا، پۇتى ئۈستىدە بولۇپ يىقىلىش، بېشى يەرگە، پۇتى ئاسمانغا قارىغان ھالدا چۈشۈش.
مەسىلەن: ئىككى ئوغلاق تاقىشىپ-تاقىشىپ ئاخىرى ھەر ئىككىسى سۇغا تىك موللاق چۈشۈپتۇ.

**تىكىش** (پېئىل) ① بىرەر تەكشىلىك يۈزىگە سانجىپ، تىقىپ قاداش، تىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇش.
مەسىلەن: كۆچەت تىكەيلى.
② يىپ-يىڭنە بىلەن لاتا، كۆن-خۇرۇم، قەغەز قاتارلىقلارنى ئۆزئارا ھىملەشتۈرۈش، چاپلاش؛ يىرتىقىنى ئېتىپ يوقىتىش.
مەسىلەن: سومكا تىكىش. ★ كىيىم تىكىش. ★ ئانام ماڭا دەپتەر تىكىپ بەردى.
**قارىمۇقارشى مەنىدىكى سۆزى:** يۇلۇش؛ سۆكۈش، يىرتىش.

**تىل** (ئىسىم) ① ئېغىزنىڭ ئىچىگە جايلاشقان، تېتىش،

چايناش، ھەزىم قىلىش ۋە ئاۋاز چىقىرىشقا ياردەم بېرىدىغان ياپىلاق ئەزا.
مەسىلەن: مەن تىلىمنى چىشلىۋالدىم. ★ ئۇ قويىنىڭ تىلىنى يېيىشكە ئامراق.
② نەرسىلەرنىڭ ئۇچىغا ياكى مەلۇم بىر ئورنىغا ئورنىتىلغان، ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئىنچىكە ياسالغان بۆيۇم. شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ.
مەسىلەن: سائەتنىڭ تىلى. ★ قارماقنىڭ تىلى.
③ ئومۇمەن گەپ-سۆز، ئېغىز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن نۇتۇق.
مەسىلەن: تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار، ئاندىن ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
④ ئاككوردىيون، پىئانىنو، گارمون قاتارلىق مۇزىكىلارنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قول بىلەن بېسىپ ئاھاڭ چىقىرىدىغان كۇنۇپكىسى.
⑤ باشقىلارنى ھاقارەتلەپ قىلغان سۆز، ئاھانەت.
مەسىلەن: ئۇ رازىيەگە تىل سالدى.

**تىل تاۋۇشى** ئېغىز بىزدىن چىققان، مەنە ئاڭلىتىدىغان ياكى مەنە پەرقلەندۈرەلەيدىغان، قىسقا-قىسقا ئۈزۈك ئاۋاز، ئۈن.
مەسىلەن: تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلىگۈچى بەلگە ھەرپ دېيىلىدۇ.

# ج

**ج** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 6-ھەرپى.

**جاپا** (ئىسىم) جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئازاب-ئوقۇبەت، مۇشەققەت، كۈلپەت، جەبىر-زۇلۇم،

قىيىنچىلىق.
مەسلەن: ئۇ ئۆتۈن ئەكەلگۈچە كۆپ جاپاغا يولۇقتى.
**مەنىداش سۆزى:** كۈلپەت، مۇشەققەت، قىيىنچىلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پاراغەت، راھەت، ھالاۋەت.

**جاپا چېكىش** كۆپ ئەجىر-ئەمگەك سىڭدۈرۈپ تەر تۆكۈش، كۈچەپ ئىشلەپ مۇشەققەت تارتىش.
مەسلەن: يامغۇردا خامان ئېلىپ بولالماي، كۆپ جاپا چەكتۇق.
**مەنىداش سۆزى:** تەر تۆكۈش، جاپا تارتىش، كۈلپەت چېكىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوڭدا يېتىش، راھەت كۆرۈش.

**جاۋاب** (ئىسىم) سوئال، تەلەپ ياكى سورالغان مەسىلىگە قارىتا ئېيتىلغان سۆز.
مەسلەن: — مۇئەللىم، مەن جاۋاب بېرەي، — دېدى ئالىم قولىنى كۆتۈرۈپ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سوئال، سوراق.

**جەدۋەل** (ئىسىم) ① سىزغۇچ.
مەسلەن: مەن رازىيەنىڭ جەدۋىلىنى ئارىيەت ئالدىم.
② مەلۇماتلار تەرتىپلىك كاتەك-كاتەك سىزىقلار ئىچىدە بېرىلگەن كۆرسەتمە.
مەسلەن: مەن 20 ئىچىدىكى ئۆتنە ئېلىنىدىغان ئېلىش جەدۋىلىنى كۆچۈرۈۋالدىم.
③ مەشغۇلات، دەرس، ئىش-ھەرىكەت، چارە-تەدبىر قاتارلىقلارنىڭ ئورنى، ۋاقتى ياكى باسقۇچى قاتارلىقلار كاتەك-كاتەك سىزىقلار ئىچىدە كۆرسىتىلگەن كۆرسەتمە.
مەسلەن: مەن دەرس جەدۋىلىدىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**جەريان** (ئىسىم) بىرەر ئىش ياكى ۋەقەنىڭ باشلىنىپ ئاخىرلاشقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى، داۋاملىنىش تەرتىپى.
مەسىلەن: سىز لەگلەك ياساش جەريانىڭىزنى رەتلىك سۆزلەپ بېرىڭ.

**جەمئىي** (سۈپەت) ئومۇمىي يىغىندا، ھەممىنى قوشقاندىكى ئومۇمىي سان، ھەممىسى، بارى، جىمىسى.
مەسىلەن: ئىككى دانە ئالمىغا ئۈچ دانە ئالمىنى قوشساق، جەمئىي بەش دانە ئالما بولىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** يىغىندىسى، ھەممىسى، ئومۇمىيسى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىر قىسىم، ئايرىم.

**جۈپ** (سۈپەت) ① ئىككى ياكى ئىككىگە پۈتۈن بۆلۈنىدىغان، تاق ئەمەس.
مەسىلەن: جۈپ سان.
② قوش، ئىككى ياكى ئىككى-ئىككىدىن گۇرۇپپىلانغان، بىرلەشكەن، جور بولغان.
مەسىلەن: باغدا بىر جۈپ قىزىل گۈل ئېچىلدى.
**مەنىداش سۆزى:** قوش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تاق، يەككە، تەنھا.

**جۈرئەت** (ئىسىم) خەۋپ-خەتەردىن قورقمايدىغان روھ، جاسارەت، غەيرەت، باتۇرلۇق، شىجائەت؛ ھېيقماسلىق.
مەسىلەن: رازىيە ھەرقانداق ئىشتا جۈرئىتى بار قىز.
**مەنىداش سۆزى:** جاسارەت.

**جۈملە** (ئىسىم) سۆزلەرنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە خاس ھالدا راۋان تىزىلىشىدىن ھاسىل بولۇپ، ئادەم ئىنىق چۈشەنگۈدەك بىر مەزمۇننى ئىپادىلىگەن گەپ-سۆز.
مەسىلەن: رەسىمگە قاراپ جۈملە تۈزۈڭلار.

**جۈملە تۈزۈش** سۆزلەرنى تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن ھالدا بىرلەشتۈرۈپ جۈملە ھالىتىگە كەلتۈرۈش، سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە ياساش.
مەسىلەن: «مۇئەللىم، ۋەتەن» دېگەن سۆزلەرگە بىردىن جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

**جىددىي** (رەۋىش) چاپسان، ئالدىراش، تېز؛ كەسكىن، قەتئىي.
مەسىلەن: دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشتى.
**مەنىداش سۆزى:** تېز؛ كەسكىن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاستا؛ بوش، ئەزمە.

## چ

**چ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 7-ھەرپى.
**چاغ** (ئىسىم) دەۋر، مەزگىل، پەيت، ۋاقىت؛ پەسىل، مەۋسۇم.
مەسىلەن: بۇ قايسى چاغ؟ ★ قايسى چاغدا يوپۇرماقلار سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ؟
**مەنىداش سۆزى:** ۋاقىت، پەيت، مەزگىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**چاقىرىش** (پېئىل) ① تەكلىپ قىلىش، قىچقىرىش، چىللاش.
مەسلەن: بىر كۈنى تۇرنا تۈلكىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ.
② بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئۈنلۈك ئاتاپ ياكى مۇۋاپىق ئىما-ئىشارەتلەر قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا، مۇراجىئەت قىلىش.
مەسلەن: مەن ئەمەتنى چاقىردىم.
**مەنىداش سۆزى:** قىچقىرىش، چىللاش.

**چەنزە** (ئىسىم) ئۆي ياپقاندا خانىنىڭ ئۈستىگە توغرا سېلىنىپ، ئۈستىگە ۋاسا تىزىلىدىغان ياغاچ، جەگە.
مەسلەن: يامۇلنىڭ ياغاچلىرى، / ئېگىز قارىغاي چەنزە. / يامۇلنى تېشىپ چىققان، / سادىر ئۆزى خوخەنزە.
**مەنىداش سۆزى:** جەگە.

**چەيلەش** (پېئىل) ① ئۆرۈپ-دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرىش، پىتىقلاپ ئەۋجىقىنى چىقىرىش؛ بۇزۇش، نابۇت قىلىش.
مەسلەن: بىز دۈشمەنلەرنى دەسسەپ چەيلىۋەتتۇق.
② ئۆرۈپ، ئۇلىك-سولىدىن نىقتاپ، مىجىقلاپ پىشۇرۇش.
مەسلەن: ئاپام خېمىر چەيلەۋاتىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئەيلەش.

**چوقۇم** (رەۋىش) قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى قانداق بولسۇن، جەزمەن، قەتئىي.
مەسلەن: مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولىمەن.

**مەنىداش سۆزى:** جەزمەن، قەتئىي.

**چوڭ** (سۈپەت) ① ئىگىلىگەن ئورنى ياكى ھەجمى يوغان، زور.
مەسىلەن: چوڭ ھويلا. ★ چامغۇرلار ھەقىقەتەن تازا چوڭ بولۇپ ئۆسۈپتۇ.
② ياش جەھەتتە ئارتۇق، تۇغۇلغان ۋاقتى بۇرۇن.
مەسىلەن: ئالىم مەندىن چوڭ.
③ داغدۇغىلىق، ھەشەمەتلىك؛ كاتتا، زور.
مەسىلەن: بىز چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق.
**مەنىداش سۆزى:** يوغان، كەڭ؛ كاتتا، زور، ئۇلۇغ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كىچىك.

**چۆچەك** I (ئىسىم) خەلق ئىچىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ يۈرگەن، ۋەقە-ھادىسىلەر خىيالىي تەسۋىرلەر بىلەن كۆلىكىلىك ۋە قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن ئەپسانىۋى ھېكايە.
مەسىلەن: ئۇ دائىم كىتابلاردىن ئوقۇغان چۆچەكلەرنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرەتتى.

**چۆچەك** II (ئىسىم) ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چىنە شەكىللىك قاچا.
مەسىلەن: مەن كىچىك ۋاقتىمدا چۆچەكتە تاماق يەيتتىم.

**چېچەكلەش** (پېئىل) ① چېچىكى ياكى گۈللىرى ئېچىلىش، چېچەك ئېچىش.
مەسىلەن: باغلاردا ئالما، ئۆرۈكلەر چېچەكلىدى.

www.uyghurkitap.com

② ئارزۇ-ئارمانلىرىغا قېنىپ ياشناش، خۇشاللىققا تولۇش.
مەسىلەن: دادام ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنى كۆرۈپ خۇشلۇقتىن قايتىدىن چېچەكلىگەندەك بولدۇم.

**چېرىك** (ئىسىم) قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى خان-پادىشاھلارنىڭ ھەربىي قوشۇنىدىكى ئەسكەر، لەشكەر، پادىشاھ ئەسكىرى.
مەسىلەن: پالۋانلار چېرىكلەرنى تارمار قىلىپ، شەھەرنى ئاپتۇ.

**چېنىقىش** (پېئىل) ① بەدەننىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش، بەدەننى تاۋلاش، مۇستەھكەم قىلىپ پىشۇرۇش.
مەسىلەن: بىز كۈندە تەنھەرىكەت ئويناپ چېنىقىمىز.
② ئەمەلىي خىزمەت ئارقىلىق يېتىلىش، تاۋلىنىش، تەربىيىلىنىش، خىزمەت ۋە پائالىيەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش.
مەسىلەن: دادام يىرىم يىل يېزىدا چېنىقىشقا ماڭدى.

**چىرايلىق** (سۈپەت) ① چىراي-شەكلى كېلىشكەن، گۈزەل؛ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان، ئېسىل.
مەسىلەن: چىرايلىق بالا. ★ چىرايلىق رەخت. ★ چىرايلىق كۆينەك.
② كۆرۈنۈشى كۆركەم، سۈپەتلىك، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان.
مەسىلەن: بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ چىرايلىق خەت يېزىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.
③ يېقىملىق، مۇڭلۇق، كىشىگە ھۇزۇر بېرىدىغان.
مەسىلەن: مەن چىرايلىق ناخشا ئېيتىيالايمەن.
**مەنىداش سۆزى:** گۈزەل، ساھىبجامال، ئۆز، كېلىشكەن؛ يېقىملىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەت، كۆرۈمسىز؛ يېقىمسىز.

**چىك-چىك-چىك** (تەقلىد) سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىن چىقىدىغان بوش، ئۈزۈك-ئۈزۈك ئاۋازلار.
مەسىلەن: چىك-چىك-چىك. / ئويغان بالىجان. / تەييارلىدى چاي، / ساڭا ئانىجان.

# خ

**خ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 8-ھەرپى.

**خاتا** (سۈپەت) چىنلىققا خىلاپ، توغرىنىڭ ئەكسىچە بولغان، ناباب، يامان.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى رەسىملەرگە قاراپ كىمنىڭ قىلغىنى توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** ناباب، يالغان، ساختا؛ ئەسكى، يامان.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** توغرا، راست؛ ياخشى.

**خانا** (ئىسىم) ① ئۆي ياكى بىر پۈتۈن بىنانىڭ تاملار بىلەن ئايرىلغان ھەربىر بۆلۈمى، ھەربىر ئېغىز ئۆي، ھۇجرا.
مەسىلەن: تاماقتىن كېيىن رازىيە ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتتى.
② ماتېماتىكىدا سانلارنىڭ ھەربىر تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ تۇرۇش ئورنى. ئادەتتە ساننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ سانىغاندا، بىرىنچى سان بىرلەر خانىسى، ئىككىنچى سان ئونلار خانىسى ...... بولىدۇ.
مەسىلەن: 3+45 نى تىك شەكىل بويىچە يېزىپ ھېسابلىغاندا، خانىلەرنى قانداق ئۇدۇل كەلتۈرۈش كېرەك؟

www.uyghurkitap.com

**خالىس** (سۈپەت) ① ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدىغان، ھەقسىز.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن كەنتكە بېرىپ خالىس ئەمگەككە قاتناشتۇق.
② ھەممىگە ئوخشاش قارايدىغان، ھېچقانداق شەخسىي نەپ ئېلىشنى كۆزلىمەيدىغان، لىللا، ھەق، دۇرۇس.
مەسىلەن: ــــ مەن بىر خالىس گەپ قىلايمۇ؟ ــــ دېدى ئادىل دەرھال ئارىغا چۈشۈپ.

**خالىسانە** (رەۋىش) ① ھېچقانداق ھەق ياكى مەنپەئەت تەلەپ قىلماي، خالىس، ھەقسىز ھالدا.
مەسىلەن: بىز مېۋىلەرنى ئۈزۈشكە ۋە يەشكىلەرگە قاچىلاشقا خالىسانە ياردەم قىلدۇق.
② ئادىللىق بىلەن، ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماستىن، ئوتتۇرىدا تۇرۇپ.
مەسىلەن: ئالىم خالىسانە گەپ قىلىپ، ئۇلارنى سوقۇشۇشتىن توسۇپ، ياراشتۇرۇپ قويدى.

**خامان** (ئىسىم) ① زىرائەتنى تازىلاپ دېنىنى ئايرىش ئۈچۈن تەييارلانغان مەيدان.
مەسىلەن: بىز ياز كۈنلىرى دائىم خاماندا ئويناپتۇق.
② شۇ مەيدانغا يىغىلغان زىرائەت ياكى ئۇنىڭ ئېزىلىپ يانچىلغان ئۇۋاقلىرى.
مەسىلەن: ئاكام بىر ياقتا خامان تېپىۋاتاتتى، دادام بىر چەتتە خامان سورۇۋاتاتتى.
③ يانچىپ سورۇپ دانلىرى بىر ياققا، سامىنى بىر ياققا ئايرىلغان مەھسۇلات.
مەسىلەن: بىز يەكشەنبە كۈنى خامان ئالدۇق.

**خەلق** (ئىسىم) ئىشچى، دېھقان، زىيالىي قاتارلىق بارلىق ئادەملەر توپى؛ ئۇمۇمەن ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى.
مەسلەن: بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز.
**مەنىداش سۆزى:** ئاۋام، ئەل، پۇقرا.

**خوخەنزە** (ئىسىم) باتۇر يىگىت، قەيسەر، قورقماس كىشى.
مەسلەن: يامۇلنىڭ ياغاچلىرى، / ئېگىز قارىغاي چەنزە./
يامۇلنى تېشىپ چىققان، / سادىر ئۆزى خوخەنزە.

**خۇشال** (سۈپەت) خۇش بولغان، روھى كۆتۈرەڭگۈ، شادلىققا تولغان.
مەسلەن: غۇنچەم مەكتەپتىن ناھايىتى خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى.
**مەنىداش سۆزى:** شاد، خۇرسەن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غەمكىن، مەيۈس، خاپا.

**خۇشخۇي** (سۈپەت) ئوچۇق-يورۇق، مىجەزى ئوچۇق، يېقىملىق.
مەسلەن: بىزنىڭ مۇئەللىم ناھايىتى خۇشخۇي.
**مەنىداش سۆزى:** شادىمان، ئويناق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مىسكىن، مەيۈس.

**خۇش كېلىپسىز** «ياخشى كېلىپسىز، كەلگىنىڭىز بىزنى خۇشال قىلدى، سىزنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇق» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنىلەردىكى قارشى ئېلىش سۆزى.
مەسىلەن: خۇش كېلىپسىزلەر، باللار!

**خىجىل بولۇش** ئۇيات، نومۇس ھېس قىلىش، ئۇيىتىش، نومۇس قىلىش.
مەسىلەن: قاغا سېغىزخانغا جاۋاب بېرەلمەي، خىجىل بولغان ھالدا كېتىپ قاپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇيىلىش، ئىزا تارتىش؛ ئەيمىنىش، تارتىنىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قېلىنلىق قىلىش، بىزەڭلىك قىلىش.

## د

**د** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 9-ھەرپى.
**داڭلاش** (پېئىل) ماختاپ ئۇچۇرۇش، ياخشى دەپ كۆككە كۆتۈرۈش، ماختاش.
مەسىلەن: ئۆزىنى داڭلاش ياخشى ئەمەس، كۆپرەك باشقىلارنىڭ ئۆزگە بولغان باھاسىغا دىققەت قىلىش كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇچۇرۇش، ماختاش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەمسىتىش، چۈشۈرۈش.

**داڭلىق** (سۈپەت) ھەممىگە مەشھۇر، شۆھرەتلىك، ھەممە ئېتىراپ قىلغان؛ داڭقى بار، داڭقى چىققان.
مەسىلەن: تۇرپان ئۈزۈمى پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق.
**مەنىداش سۆزى:** داڭدار، مەشھۇر.

**دائىم** (رەۋىش) ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقاچان ھەر زاماندا، ھەمىشە، ھەر چاغ.
مەسلەن: ئۇ دائىم باشقىلارغا ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ھەمىشە، ھەر ۋاقىت.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بەزىدە، ئاندا-ساندا، ناگان-ناگاندا.

**دەپتەر** (ئىسىم) خەت يېزىش، خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئاق قەغەزدىن تۈپلەپ مەخسۇس تەييارلانغان بۇيۇم، كونسىپىك، تىترەت.
مەسلەن: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى دەپتىرىڭلەرگە چىرايلىق يېزىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** كونسىپىك، تىترەت، خاتىرە.

**دەرس** (ئىسىم) ① مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇقىم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قائىدە بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوقۇتۇش پائالىيىتى.
مەسلەن: ساۋاقداشلار، ھازىر دەرس باشلايمىز، دىققەت قىلىڭلار!
② مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا مۇنتىزىم ئۆگىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ھەربىر پەن.
مەسلەن: بۈگۈن ماتېماتىكا دەرسىگە كېچىكىپ قالدىم.

**دەرسخانا** (ئىسىم) ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئۆي، سىنىپ.
مەسلەن: دەرسخانىدا پارلاق سالماي ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاش كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** سىنىپ.

**دەرسلىك** (ئىسىم) مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا رەسمىي دەرس قىلىپ ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ئوقۇش كىتابى.
مەسلەن: يېڭى دەرسلىكلەر تاقىتىلدى.

**دوختۇر** (ئىسىم) كېسەل داۋالايدىغان كىشى.
مەسلەن: دوختۇر ماڭا قىزىتمىنى ياندۇرۇش ئۈكۈلى ئۇرۇپ قويدى.
**مەنىداش سۆزى:** تېۋىپ.

**دوست** (ئىسىم) كۆڭلى يېقىن، ئامراق ئۆتىدىغان كىشى.
مەسلەن: يالقۇننىڭ دىلشات ۋە مۇختەر دېگەن ئىككى دوستى بار ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئاداش، ئاغىنە، بۇرادەر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۈشمەن، ياۋ.

**دۈچ كېلىش** ئۇدۇل كېلىش؛ ئۇچراش، يولۇقۇش.
مەسلەن: بىر، ئىككى، ئۈچ، / ئىتتىپاقلىق كۈچ. / چەيلەپ يانچىيمىز، / دۈشمەن كەلسە دۈچ.

**دۇدۇقلاش** (پېئىل) دۇدۇق-دۇدۇق قىلىپ تۇرۇپ قېلىش، سۆزنى راۋان دېيەلمەي كېكەچلەش.
مەسلەن: ئۇ كىتابنى ئېچىپ ئازراق ئوقۇپلا دۇدۇقلاپ ئوقۇيالمىدى.
**مەنىداش سۆزى:** كېكەچلەش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شارىلداش.

**دۆلەت بايرىقى** دۆلەتنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بايراق. ئۇنىڭ شەكلى، ئۆرنىكى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى قانۇندا مەخسۇس بەلگىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى — بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقتۇر.

**دۆلەت بەلگىسى** دۆلەت مۇناسىۋەتلىك تەرتىپلەر ئارقىلىق رەسمىي يوسۇندا بېكىتكەن، شۇ دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە.
مەسىلەن: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بەلگىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نۇر چېچىۋاتقان تيەنئەنمېنىنىڭ سۈرىتى، چۆرىسىگە بۇغداي باشقى ۋە چىشلىق چاقنىڭ تەسۋىرىي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

**دۈشمەن** (ئىسىم) ① تەرەققىياتقا زىيان سالىدىغان، ئالغا ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشى ياكى نەرسە.
مەسىلەن: بىر، ئىككى، ئۈچ، / ئېتىپاقلىق كۈچ. / چەيلەپ يانچىيمىز، / دۈشمەن كەلسە دۈچ.
② ئۇرۇش جەڭلەردىكى قارشى تەرەپ، ياۋ.
مەسىلەن: ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى دۈشمەنلەرنى تارمار قىلدى.
**مەنىداش سۆزى:** ياۋ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دوست.

**دۈگىلەك** (ئىسىم) ئايلانما شەكىللىك دائىرە ياكى نەرسە، چەمبەرگە ئوخشاش يۇملاق دائىرە ياكى نەرسە.
مەسىلەن: «باغلىق تاشلاش» ئويۇنىدا ئاۋۋال بالىلار دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** يۇملاق، چەمبەرسىمان.
قارىمۇقاشى مەنىلىك سۆزى: ئۇزۇنچاق، سوزۇنچاق، ياپىلاق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

**دېكلاماتسىيە** (ئىسىم) شېئىر، قوشاق قاتارلىق ئاھاڭدارلىقتا ئىگە ئەسەرلەرنى رىتىم بويىچە تەسىرلىك ھەم جاراڭلىق ھالدا يادقا ئۈنلۈك ئوقۇش پائالىيىتى ۋە شۇنداق ئوقۇشنىڭ ئۆزى.
مەسىلەن: شېئىرنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

**دېھقان** (ئىسىم) تۈرلۈك زىرائەتلەرنى تېرىپ، تېرىقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كىشى.
مەسىلەن: دېھقانلار دۆلەت ئۈچۈن كۆپلەپ ئاشلىق ئىشلەپچىقارماقتا.
**مەنىداش سۆزى:** تېرىقچى.

**دىل** (ئىسىم) كىشىنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسى، قەلب، يۈرەك ۋە ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئوي-خىيال، مەقسەت، نىيەت، پىكىر.
مەسىلەن: مەن ئالىي مەكتەپكە بېرىشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.
**مەنىداش سۆزى:** قەلب، كۆڭۈل.

## ر

**ر** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 10-ھەرپى.

**راسا** (رەۋىش) ① تازا، قالتىس؛ كۆڭۈلدىكىدەك، ئەڭ ئېسىل دەرىجىدە.
مەسىلەن: بىر بوۋاي چامغۇر تېرىپتۇ ۋە «چامغۇرلىرىم راسا چوڭ بولسۇن» دەپ، تەر تۆكۈپ ئىشلەپتۇ.
② پۈتۈن، تولۇق، توپتوغرا.
مەسىلەن: مەن ئۇنى راسا بىر يىل كۈتتۇم.

**مەنداش سۆزى:** ناھايىتى، كارامەت، تازا، قالتىس.

**راست** ① (سۈپەت) يالغان ئەمەس؛ ھەقىقىي، توغرا، پاكىت ئەينەن ئىپتىلغان، چىن.
مەسىلەن: مەن راست گەپ قىلدىم.
② (رەۋىش) ھەقىقەتەن، دەرۋەقە، راستىنلا.
مەسىلەن: مەن بۇ ئىشنى راست بىلمەيمەن.
③ (ئىسىم) ھەقىقەت.
مەسىلەن: بىز راست بىلەن يالغاننى توغرا ئايرىشىمىز كېرەك.
**مەنداش سۆزى:** ھەقىقىي، توغرا، ئەينەن، جىك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يالغان، ساختا، جا.

**راستىنلا** (رەۋىش) قىلچە يالغىنى يوق ھالدا، ھەقىقەتەن، راستتىن.
مەسىلەن: مەن سىنىڭ قەلىمىڭنى راستىنلا ئالمىدىم.
**مەنداش سۆزى:** ھەقىقەتەن، دەرھەقىقەت.

**راسلاش** (پېئىل) ① تەييارلاش، ھازىرلاش؛ ياساش، ئېتىش.
مەسىلەن: رەنا، سەن نان راسلاپ بەر، ئاپام يېقىپ بەرسۇن.
② ئوڭشاش، تۈزەش، رۇسلاش، جابدۇش.
مەسىلەن: مەن دادام كەلگۈچە ئۆينى راسلاپ بولغانىدىم. ★ ياسىن ئۆزىنى راسلاپ، يەنە قايتىدىن مەيدانغا چۈشتى.

**راۋان** ① (رەۋىش) توختاپ قالماي، تېز ھەم چۈشىنىشلىك، شارىلداپ.

مەسىلەن: ئۇ ھازىر «ئىلىپبە»نى دۇدۇقلىماي، راۋان ئوقۇيالايدىغان بولدى.

② (رەۋىش) توختىماي، ئۈزۈلۈپ قالماي؛ ئوڭۇشلۇق، يۈرۈشلۈك.

مەسىلەن: ئۇنىڭ ئىشلىرى راۋان بولۇپ كەتتى.

③ (سۈپەت) تۈز، تەكشى، ھېچقانداق توسالغۇ يوق.

مەسىلەن: بۇ يول راۋان.

**مەنىداش سۆزى:** ئېنىق؛ توسقۇنسىز.

**رەت** I (ئىسىم) ① تىزىلغان قۇر، قاتار، سەپ.

مەسىلەن: ھەممىمىز رەتكە تىزىلدۇق.

② نۆۋەت، ئۆچىرەت، تەرتىپ.

مەسىلەن: بىز ئىشىكتىن رەت بويىچە بىر-بىرلەپ كىردۇق.

③ مىقدار سۆز بولۇپ «قېتىم، نۆۋەت، مەرتەم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: مەن سائەتكە بىرنەچچە رەت قارىدىم، ۋاقىت ھېچ توشمايۋاتاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** قاتار، قۇر؛ ئۆچىرەت، نۆۋەت؛ قېتىم، مەرتەم.

**رەت** II (ئىسىم) ئىنكار، رەددىيە، قارشى تۇرۇش.

مەسىلەن: مۇئەللىم ئاسىيەنىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇبىر رەت قىلدى.

**رەتلىك** (رەۋىش) رىتى بويىچە، ئۆز قاتارى ياكى تەرتىپى بىلەن، ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي.

مەسىلەن: لەگلەك ياساش جەريانىڭىزنى رەتلىك سۆزلەپ بېرىڭ.

**مەنىداش سۆزى:** تەرتىپلىك، بىرمۇبىر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رەتسىز، قالايمىقان.

**رەسىم** (ئىسىم) سىزىش، بېسىش ئارقىلىق قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرى.
مەسىلەن: رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار، ئاندىن ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

**رەسىم سىزىش** نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىنى ئەينەن سىزىپ ئىپادىلەش.
مەسىلەن: ئالىم رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىدە 1-بولدى.

**رەڭ** (ئىسىم) ① نەرسىلەرنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بوياق.
مەسىلەن: ئۇ سىزغان رەسىمنى مەن قىزىل رەڭ بىلەن بويىۋەتتىم.
② نەرسىلەرگە قارىغىنىمىزدا پەيدا بولىدىغان شۇ نەرسىنىڭ رەڭگى ھەققىدىكى تەسىر، رەڭگى-ھالىتى.
مەسىلەن: بىزنىڭ ئىشىك سۇس قىزىل رەڭ ئىدى.

**رەڭگى** (ئىسىم) ① نەرسىلەرنىڭ يۈزىدىكى بويىقى، رېڭى، رەڭ كۆرۈنۈشى.
مەسىلەن: رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئېيتىڭلار، ئۇلارنىڭ رەڭگى قانداق؟
② يۈزى، چىرايى.
مەسىلەن: ئەكبەرنىڭ ئاچچىقتىن رەڭگى تاتىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچى تورى

**رەڭمۇرەڭ** (سۈپەت) تۈرلۈك رەڭدىكى؛ رەڭ جەھەتتىن بىرى بىرىگە ئوخشىمايدىغان.
مەسىلەن: باغدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلدى.
**مەنىداش سۆزى:** رەڭگارەڭ، خىلمۇخىل.

**روشەن** (سۈپەت) ① ئېنىق كۆرۈنۈپ، بىلىنىپ تۇرىدىغان، ئوچۇق، ئاشكارا.
مەسىلەن: ئاخىرى ئۇنىڭ كەلگەنلىكى روشەن بولدى.
② ئۆتكۈر، كۆرۈش قۇۋۋىتى ياخشى.
مەسىلەن: دادامنىڭ كۆزى ناھايىتى روشەن.
**مەنىداش سۆزى:** ئېنىق، ئوچۇق، ئاشكارا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غۇۋا، تۇتۇق، خۇنۇك.

## ز

**ز** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 11-ھەرپى.
**زادىلا** (رەۋىش) ھەرگىزمۇ، قەتئىي، پەقەتلا، ئەسلا، پەقەت.
مەسىلەن: ئۇ مەكتەپكە زادىلا كېچىكمەيدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** پەقەتلا، ئەسلا، ھەرگىز.

**زامان** (ئىسىم) ① مەزگىل، مۇددەت، ۋاقىت، دەۋر.
مەسىلەن: بوۋا-مومىلىرىمىز ئۆزۈن زامانلاردىن بۇيان مۇشۇ ماكاندا ئىشلەپ ياشاپ كەلگەن.
② تارىخنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ياكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بۆلۈنگەن

مۇئەييەن بۆلىكى، دەۋر.
مەسىلەن: بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى نامرات ئىدى.

**زاۋۇت** (ئىسىم) پولات-تۆمۈر، ئائىلە جابدۇقلىرى ۋە تۈرلۈك ئەسۋابلارنى ياسايدىغان سانائەت كارخانىسى، قورال-سايمان ياسايدىغان ئورۇن.
مەسىلەن: سىلەر يەنە قانداق زاۋۇت-فابرىكىلارنى بىلىسىلەر؟

**زەپەر قۇچۇش** غەلىبە قىلىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، نەتىجە يارىتىش؛ ئۇتۇش، يېڭىش.
مەسىلەن: ئاسماندىكى پولات قۇش، / ئويناپ-ئويناپ ئۇچسەن. / قايىل قىلىپ ھەممىنى، / ھەردەم زەپەر قۇچسەن.
**مەنداش سۆزى:** يېڭىش، ئۇتۇش، غالىپ كېلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېڭىلىش، ئۇتتۇرۇش، مەغلۇپ بولۇش.

**زەپمۇ** (رەۋىش) ئاجايىپ، ناھايىتى، قالتىس، بەكلا، ھەددىدىن ئارتۇق.
مەسىلەن: تۇرپان ئۈزۈمى زەپمۇ شېرىن.
**مەنداش سۆزى:** ناھايىتى، بەكمۇ، ئاجايىپ.

**زور** (سۈپەت) ھەجىم، كۆلەم ۋە مىقدار جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ، تۈگەتكۈسىز.
مەسىلەن: تەن ساقلىق — زور بايلىق.
**مەنداش سۆزى:** چوڭ، يوغان، بۈيۈك، كاتتا؛ كۆپ، نۇرغۇن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كىچىك، ئاز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ژ

**ژ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 12ـ ھەرپى.

**ژۇرنال** (ئىسىم) ① كىتابچە شەكلىدە قەرەللىك چىقىپ تۇرىدىغان، ساھەلەر بويىچە ئىلىم-پەن خەۋەرلىرى ۋە تۈرلۈك پائالىيەت، ئىجادىيەت، تەتقىقاتلار ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىغان باسما بۇيۇمى.

مەسىلەن: مەن «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنى ئوقۇيمەن.

② مەكتەپلەردە كۈندىلىك ئىش-پائالىيەتلەرنى خاتىرىلەيدىغان دەپتەر، خاتىرە.

مەسىلەن: بىزنىڭ سىنىپ ژۇرنىلىمىز بار.

# س

**س** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 13ـ ھەرپى.

**ساپ** I (سۈپەت) ① چاڭ-توزاندىن خالىي، سۈزۈك، پاكىز.

مەسىلەن: ساپ ھاۋا.

② باشقا ئارىلاشمىلار قوشۇلمىغان، جىڭ.

مەسىلەن: ساپ ئالتۇن.

③ تۈرلۈك ئەيىب-نۇقسانلىرى يوق، پاك، پەزىلەتلىك.

مەسىلەن: ئۇنىڭ ساپ ئەخلاقىي بىزنى تەسىرلەندۈردى.

④ باشقىلارنىڭ ھەققى ياكى ئەمگىكى ئارىلاشمىغان، ھالال.

مەسىلەن: بۇ مېنىڭ ساپ مېھنىتىم بەدىلىگە كەلگەن نەتىجە.

⑤ بەزىدە رەۋىش بولۇپ كېلىپ «پۈتۈنلەي، تامامەن،

ھەممىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.
مەسلەن: ئۇلار بۇگۈن ساپلا قىزىل كىيىم كىيىشىۋاپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** سۈزۈك، پاكىز، جىـــك، پاك، ھالال؛ پۈتۈنلەي.
**قارىمۇقارشى مەنىلىــك سۆزى:** بۇلغانغان؛ ساختا؛ ناچار؛ ھارام.

**ساپ** II (ئىسىم) ئەسۋابلارنىڭ قول بىلەن تۇتىـــدىغان قىسمى، تۇتقۇچ، دەستە.
مەسلەن: دادام ئولتۇرۇپ كەتمەنگە ساپ ياساۋاتاتتى.
**مەنىداش سۆزى:** دەستە، تۇتقۇچ.

**ساپان** (ئىسىم) يەر تېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، يەرنى تىلغاپ ئاغدۇرىدىغان تۆمۈر چىشى بار دېھقانچىلىق سايمىنى، بوقۇسا، قوش.
مەسلەن: دادام ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** بوقۇسا، قوش.

**ساغلام** (سۈپەت) كېسەل ئالامەتلىرى يوق، ساق.
مەسلەن: ساغلام بەدەن. ★ كۆڭلى چىنىقساق، ساغلام بولىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** ساق، تەندۇرۇس، بېجىرىم.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ساقسىز، ئاغرىق، كېسەل.

**ساقلىق** (ئىسىم) كېسەل-ئاغرىقتىـــن خالىـــي ھالەت، ساغلاملىق.
مەسلەن: تەن ساقلىق — زور بايلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيسى

مەنىداش سۆزى: ساغلاملىق، بىجىرىملىك.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ساقسىزلىق.

**سامان** (ئىسىم) قۇرۇپ ياكى پىشىپ سارغايغان بۇغداي، ئارپا غوللىرىنىڭ خاماندا يانچىلغان ئۇۋاقلىرى، بۇغداي قاتارلىقلارنىڭ يانچىپ ئېزىلگەن غولى.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن خاماندىن سامان توشۇدۇق.

**سانسىز** (سۈپەت) ساناپ بولغىلى بولمايدىغان، سان-ھېسابى يوق، ناھايىتى كۆپ، ھەددى-ھېسابسىز.
مەسىلەن: ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى.
مەنىداش سۆزى: نۇرغۇن، كۆپ، ھېسابسىز.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ئاز، بىرەر.

**ساۋاتلىق** (سۈپەت) خەت ئوقۇيالايدىغان ھەم يازالايدىغان، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنگەن، خەت تونۇيدىغان.
مەسىلەن: مەن ساۋاتلىق بولدۇم، ئەمدى سالام خەت يازالايمەن.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ساۋاتسىز، تۇرۇك، قارا قورساق.

**ساي** (ئىسىم) ① تاغ ياكى دۆڭلۈك ئارىسىدىكى قار-يامغۇر سۇلىرى ئاقىدىغان جاي، تاغ ئارىسىدىكى جىرا.
مەسىلەن: كۆنلەر ئىسسىپ، قار ئېرىپ، /سۇ سايلارغا تولغان چاغ. / ئېيتىپ بەرگىن جان دوستۇم، /بىلسەڭ مۇشۇ قايسى چاغ؟ (جاۋابى: باھار، ئەتىياز پەسلى)
② پۈتۈنلەي شېغىل-تاشلار بىلەن تولغان كەڭ جاي، تاشلىق،

شىغىللىق.
مەسىلەن: بىز دۆڭلۈكتىن چۇشۇپ كەڭ ساي يولىغا چىقتۇق.

**سايراش** (پېئىل)① خۇش، يېقىملىق ئاھاڭدا ئۇنلەش، ئاۋاز چىقىرىش.
مەسىلەن: بۇلبۇللار سايرايدۇ، قاغىلار قاقىلدايدۇ، پاقىلار كۇرۇلدايدۇ.
② رىتىم بىلەن مۇڭلۇق، يېقىملىق كۇيلەرگە چېلىنىش، مەرغۇللىنىش.
مەسىلەن: قولۇمدا سايرايدۇ راۋاب، / بەختىيار دەۋرانىنى كۇيلەپ ...

**سايمان** (ئىسىم) ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۇر قاتارلىق مېتاللار ياكى ياغاچ، قاتۇرما سۇلياۋ قاتارلىق قاتتىق نەرسىلەردىن ياسالغان چوڭراق نەرسىلەر، جابدۇق، ئەسۋاب.
مەسىلەن: ئۆي سايمانلىرىنى ئاسراپ ئىشلىتىش كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** جابدۇق، ئەسۋاب.

**سەپسېلىش** (پېئىل) دىققەت بىلەن قاراش، نەزەر سېلىپ كۆزىتىش.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى رەسىمگە دىققەت بىلەن سەپسېلىڭلار، ئاندىن مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** قاراش، كۆزىتىش.

**سەكسەن** (سان) «80» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى سەككىز يەردىكى ئونىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 79 دىن چوڭ، 81 دىن كىچىك پۈتۈن سان.

www.uyghurkitap.com

**سەككىز** (سان) «8» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى يەتتىگە بىرنى ياكى تۆتكە تۆتنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان، يەتتىدىن چوڭ، توققۇزدىن كىچىك بولغان پۈتۈن سان.
مەسىلەن: سەككىز دانە نەشپۈت.

**سەگەك** (سۈپەت) بىرەر شەپە ياكى ئىما-ئىشارەتلەرنى ناھايىتى تېز بىلىۋالىدىغان، سەزگۈر، ھوشيار، تۇيغۇن.
مەسىلەن: ئالىمجان ناھايىتى سەگەك بالا بولدى.
**مەنىداش سۆزى:** سەزگۈر، تۇيغۇن، ھوشيار.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** گالۋاڭ، ھاماقەت، ھاڭۋاقتى.

**سەھەر** (ئىسىم) تاڭ يورۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ كۈن چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت، سۇبھى.
مەسىلەن: مەن ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ چېنىقىمەن.
**مەنىداش سۆزى:** سۇبھى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەچ، ئاخشام.

**سوئال** (ئىسىم) جاۋاب بېرىشنى، چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ سورالغان مەسىلە، سوراق.
مەسىلەن: مۇئەللىم مەندىن ئىككى سوئال سورىدى.
**مەنىداش سۆزى:** سوراق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** جاۋاب.

**سوزۇق تاۋۇش** تىل تاۋۇشلىرى ئىچىدىكى تەلەپپۇز قىلىنغاندا ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايلا چىقىدىغان تاۋۇشلار. ئۇيغۇر تىلىدا «ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» دىن ئىبارەت سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار. سوزۇق

تاۋۇشلار تەلەپپۇزدا سوزۇلۇپ ياڭراق چىقىدۇ.

**سوغۇق** (سۈپەت) ① ئىسسىق ئەمەس، ھارارىتى تۆۋەن، ئىسسىقى يوق.
مەسىلەن: قىشتا ھاۋا سوغۇق بولىدۇ.
② مىجەزى قوپال؛ يېقىمسىز، ئادەمگە ياقمايدىغان.
مەسىلەن: — ئۇنداق سوغۇق گەپ قىلما، — دېدى پەرىدە خاپا بولۇپ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىسسىق.

**سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىش** ھاۋا سوغۇق بولسىمۇ سىرتلاردا يېلىڭ يۈرۈپ ياكى دىققەت قىلماي ئويناۋېرىپ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈۋېلىش.
مەسىلەن: باللار قار ياغقان كۈنلەردە سىرتلاردا يۈرسە ئاسانلا سوغۇق تەگكۈزۈۋالىدۇ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋېلىش.

**سول** I (سۈپەت) ① پۈتۈن بەدەننى، گەۋدىنى قاق ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلگەندە يۈرەك جايلاشقان تەرەپتىكى، يۈرەك بىلەن بىر تەرەپكە ئورۇنلاشقان.
مەسىلەن: سول قول. ★ سول كۆز.
② تەتۈر، كاج، ئاسان گەپ چۈشەنمەيدىغان، تەلۋە.
مەسىلەن: ئەخمەت تاغام بەزىدە ناھايىتى سول ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** تەتۈر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوڭ.

**سول** II (ئىسىم) بۇغداي، قوناق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئورغاندا، ئورمىچىلارنىڭ مەلۇم كەڭلىكتە ئورۇپ ماڭغان يولى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: دادام كەڭ بىر سول تارتىپ ھەممىزنىڭ ئالدىدا ئورۇۋاتاتتى.

**سۇ تۇتۇش** ئېتىزغا سۇ باشلاش، سۇ قويۇش.
مەسىلەن: ئەسئەت سۇ تۇتتى.
**مەنداش سۆزى:** سۇ قويۇش، سۇ باشلاش.

**سۇيۇق** (سۇپەت) ① تەركىبىدە سۇ تەركىبى كۆپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراتسا سۇدەك ئاقىدىغان؛ سۇلۇق ياكى سۇيۇلدۇرۇلغان، قويۇق ئەمەس.
مەسىلەن: ئۇ لاينى بەك سۇيۇق ئېتىپ قويۇپتۇ.
② ئارىلىقلىرى كەڭرى، شالاڭ، زىچ ئەمەس.
مەسىلەن: بۇ يىل بۇغدايلار بەك سۇيۇق ئىكەن.
③ مەيدانى يوق، مەۋقەسى يوق، تۇتۇرۇقسىز.
مەسىلەن: كامىل بەك سۇيۇق بالا بولۇپ قالدى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قويۇق.

**سۆز** (ئىسىم) ① مەلۇم بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان تاۋۇش ياكى بىرقانچە تاۋۇشلار توپى، مەنە ئاڭلىتىدىغان ئەڭ كىچىك نۇتۇق بىرلىكى.
مەسىلەن: «س» ھەرپىگە بىر سۆز تۈزۈپ بېقىڭلار.
② گەپ، نۇتۇق، ئېغىزدا ئېيتىلىدىغان بايان.
مەسىلەن: بۈگۈنكى يىغىندا ئايگۈل مۇئەللىم سۆز قىلدى.
**مەنداش سۆزى:** گەپ، نۇتۇق.

**سۆز تۈزۈش** ھەرپلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ سۆزگە ئايلاندۇرۇش، سۆز ياساش.
مەسىلەن: ئۆزۈڭلار ئويلىنىپ، «ن، ت، س، ش» ھەرپلىرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سۆز تۈزۈپ بېقىڭلار.

**سۆزلەپ بېرىش** بايان قىلىش، بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىش، دەپ بېرىش.
مەسىلەن: رەسىمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** دەپ بېرىش.

**سۆيۈش** (پېئىل) ① ئامراقلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن لېۋىنى يېقىش، لېۋىنى تەگكۈزۈش.
مەسىلەن: دادام ھەر كۈنى مېنى سۆيۈپ خوشلىشىدۇ.
② ياخشى كۆرۈش، چىن دىلىدىن ياقتۇرۇش، خالاش.
مەسىلەن: بىز ئەمگەكنى سۆيىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** ياخشى كۆرۈش، ياقتۇرۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەت كۆرۈش، يامان كۆرۈش.

**سۈپەت** (ئىسىم) ① نەرسىلەردىكى ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت.
مەسىلەن: رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ نامىنى سۈپىتى بىلەن قوشۇپ ئېيتىڭلار.
② سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. ئومۇمەن نەرسىلەرنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتىكى خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بۇ تۈركۈمگە تەۋە بولىدۇ.

**سىلىشتۇرۇش** (پېئىل) ئىككى ياكى كۆپ خىل نەرسىنى ئۆزئارا قاتارلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ياكى مەلۇم جەھەتتىكى پەرقىنى ئايرىپ چىقىش، قايسىسىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى رەسىملەرنى ئۆزئارا سىلىشتۇرۇڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**سىزىش** (پېئىل) ① قەلەم ياكى شۇنداق نەرسىلەر بىلەن سىزىق چىقىرىش، ئىز پەيدا قىلىش.
مەسىلەن: ئۇ «ئەلەم» دېگەن سۆزنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويدى.
② نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە تۈرلۈك نەرسە ياكى شەكىللەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى چۈشۈرۈش، مەلۇم شەكىللەرنى پەيدا قىلىش.
مەسىلەن: نېمە ئۈچۈن مۈشۈك بۆرۈت سىزىپ قويىدى؟
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆچۈرۈش

**سىنىپ** (ئىسىم) ① مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئورۇن، دەرسخانا.
مەسىلەن: بىزنىڭ سىنىپ چوڭ ھەم يورۇق.
② دائىم بىرگە دەرس ئاڭلايدىغان ئوخشاش يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپى، توپى.
مەسىلەن: بىزنىڭ سىنىپتا ئوتتۇز ئوقۇغۇچى بار.
③ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىدىيىسى، تۇتقان يولى ئوخشاش بولغان كىشىلەر توپى، گۇرۇھ، تەبىقە.
مەسىلەن: بۇرژۇئازىيە سىنىپى. ★ پرولېتارىيات سىنىپى. ★ ئىشچى-دېھقانلار سىنىپى.

# ش

**ش** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 14-ھەرپى.
**شاخ** (ئىسىم) ئۆسۈملۈك، دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ يانلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان قىسمى، يان پۇتىقى.
مەسىلەن: شاختا قىزىل ئالمىلار پىشتى.

**شاد** (سۈپەت) خۇشال-خورام، غەم-قايغۇسىز، روھى كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن.
مەسىلەن: ئىناق دوستلار ھەممىمىز، / شاد ياشايمىز ۋەتەندە. / كىمكى بۇزسا دوستلۇقنى، / بولار ئۆزى شەرمەندە.
**مەنىداش سۆزى:** خۇشال، شادىمان، خۇرسەن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مىسكىن، غەمكىن، مەيۇس.

**شارىلداپ** (رەۋىشداش) ① شار-شار ئاۋاز چىقىرىپ، چېلەك بىلەن سۇ قۇيغاندەك، توختىماستىن.
مەسىلەن: بىز ئۆيگە كىرىۋاتقاندا شارىلداپ يامغۇر يېغىپ كەتتى.
② ناھايىتى تېز، راۋان ھالدا، توختاپ ياكى دۇدۇقلاپ قالماستىن.
مەسىلەن: غۇنچەم «ئېلىپبە» كىتابىدىكى بىر تېكىستنى شارىلداپ ئوقۇپ بەردى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سىمىلداپ؛ دۇدۇقلاپ.

**شاھ** (ئىسىم) پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى، پادىشاھ، خان، دۆلەت باشلىقى.
مەسىلەن: ئابدۇرەشىتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شاھى ئىدى. ★ — قۇشلار شاھى قىرانىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سىڭىلىخان.
**مەنىداش سۆزى:** خان، پادىشاھ.

**شەرەپلىك** (سۈپەت) شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان،

مەسىلەن: مەن شەرەپلىك ھالدا پىئونېر بولدۇم. ★ ئەمگەك سۆيۈش شەرەپلىك ئىش.
**مەنىداش سۆزى:** شانلىق، پەخىرلىك
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نومۇسلۇق، رەسۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

**شەرمەندە** (سۈپەت) ئەلنىڭ لەنىتىگە قالغان، ئېپلاس، رەسۋا.
مەسىلەن: ئۇ ئوغرىلىق قىلىپ شەرمەندە بولدى.
**مەنىداش سۆزى:** نومۇسسىز، رەسۋا.

**شەكىل (شەكلى)** (ئىسىم) نەرسىلەرنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان قىياپەت ھالىتى، كۆرۈنۈشى.
مەسىلەن: سىزىق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** ياڭزا، فورما، كۆرۈنۈش.

**شۇغۇللىنىش** (پېئىل) ھەپىلىشىش، مەشغۇل بولۇش، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇش.
مەسىلەن: تۆۋەندىكى رەسىمدىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
مەنداش سۆزى: ھەپىلىشىش، مەشغۇل بولۇش.

**شېرىن** (سۈپەت) تاتلىق، ناھايىتى مەززىلىك، لەززەتلىك، تەمى تىلنى قورۇيدىغان.
مەسىلەن: تۇرپان ئۈزۈمى ناھايىتى شېرىن.
**مەنىداش سۆزى:** تاتلىق، لەززەتلىك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قاڭسىق، تەمسىز، لاۋزا.

**شېئىر** (ئىسىم) سۆزلەرنى مۇئەييەن رىتىم ۋە قاپىيە بويىچە تىزىپ، بىر خىل ئاھاڭدارلىق ھاسىل قىلىدىغان ۋە تۇرلۇك ھېس-تۇيغۇنى، كۆزقاراشنى تەسىرلىك ئىپادىلەپ

بېرىدىغان بىر خىل ئەدەبىي ئەسەر، قوشاق.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن «ئەلگە كېرەكلىك ئەۋلاد بولىمىز» دېگەن شېئىرنى يادلىدۇق.
مەنىداش سۆزى: قوشاق، نەزم.

# غ

**غ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 15-ھەرپى.

**غازاڭ** (ئىسىم) ئۈسۈملۈك، دەرەخ قاتارلىقلارنىڭ سولىشىپ قۇرۇپ سارغىيىپ قالغان ياكى يەرگە چۈشكەن يوپۇرمىقى.
مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار يەرگە چۈشكەن غازاڭلارنى سۈپۈرۈۋاتىدۇ.

**غۇلاچ** (ئىسىم) ئىككى قولنى ئىككى يانغا تۈز قىلىپ كۆتۈرۈپ كەرگەندە، بىر قولنىڭ بارماق ئۇچىدىن يەنە بىر قولنىڭ بارماق ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق.
مەسىلەن: غۇلاچ كەرسەك، ئېگىلسەك، / بەزەن يۈگۈرۈپ چېنىقساق، / ساغلام بولۇپ تېنىمىز، / ئۆمرىمىز بولار ئۇزاق.

**غۇنچە** (ئىسىم) ① تېخى ئېچىلمىغان، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈل تۈگۈنى.
مەسىلەن: گۈللۈككە كىرىپ، غۇنچىلارنى قالايمىقان تۈتۈپ يۈرسەك بولمايدۇ.
② ياش، يېڭى يېتىلىۋاتقان نەرسە ياكى كىشى.
مەسىلەن: بىز ۋەتەننىڭ غۇنچىلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

# ف

**ف** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 16-ھەرپى.

**فابرىكا** (ئىسىم) توقۇش ياكى تىكىش ئارقىلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇن، توقۇش ياكى تىكىشنى ئاساس قىلغان سانائەت كارخانىسى.

مەسىلەن: توقۇمىچىلىق فابرىكىسى. ★ ئاياغچىلىق فابرىكىسى. ★ يۇقىرىدىكى رەسىمدىكى قايسى فابرىكىلار؟

**فونتان** (ئىسىم) ① تىنىمسىز ھالدا يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان سۇ، گاز، نېفىت بۇلاقلىرى.

مەسىلەن: مەن فونتاندىن چىقىۋاتقان قارا نېفىتقا قاراپ ھەيران قالدىم.

② مەخسۇس ئورنىتىلغان، ئېغىزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان تۈرۈبا نەيچىسى ياكى شۇنداق ئەسلىھە.

مەسىلەن: باغچىغا كىرىپ تۇرۇشىمىزغا فونتاندىن سۇلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

**فىلىم** (ئىسىم) ① كىنو قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، كىنودىكى كۆرۈنۈشلەر ئېلىنغان، يۇمۇلاق تەخسە شەكىللىك نەرسىگە يۆگەلگەن ئۇزۇن يالتىراق (سۇلياۋ) لېنتا.

مەسىلەن: كىنوخانىدىكىلەر يەنە يېڭى فىلىم ئەكەپتۇ.

② كىنو، ئومۇمەن ۋەقەلەر سۈرەتلەر ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن، ئېكرانلاردا كۆرسىتىلىدىغان بىر خىل سەنئەت نومۇرى.

مەسىلەن: مەن بۈگۈن دادام بىلەن «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» فىلىمنى كۆرۈپ كەلدىم.

# ق

**ق** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 17-ھەرپى.

**قاتار** (ئىسىم) ① نەرسىلەرنىڭ يانمۇيان ياكى ئارقىمۇئارقا رەتلىك جايلىشىشىدىن، تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان رەت، سەپ.

مەسىلەن: ئاسماندا تۇرنىلار قاتار تىزىلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتتۈشكە باشلىدى.

② مەلۇم ئالاھىدىلىك ئاساسىدا بىرلەشكەن كىشىلەر توپى، توپ، سەپ.

مەسىلەن: بالىلار «كىم قىلسا خاتا، چىقسۇن قاتاردىن» دەپ تووۋلىشاتتى.

**مەنىداش سۆزى:** رەت، سەپ.

**قاتتىق** (سۈپەت) ① ئاسان ئېزىلمەيدىغان، سۇنمايدىغان، ئۇشتۇلمايدىغان، پۇختا، چىڭ، يۇمشاق ئەمەس.

مەسىلەن: بۇ ياغاچ بەك قاتتىق ئىكەن.

② شىددىتى، كۈچى زور، شىددەتلىك، كۈچلۈك.

مەسىلەن: لىنىن مەكتەپكە كېتىۋاتقاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى.

**مەنىداش سۆزى:** پۇختا، مۇستەھكەم، چىڭ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بوش، يۇمشاق.

**قار** (ئىسىم) بۇلۇتتىن چۈشكەن مۇز ئۇۋاقلىرى. ئۇ ھاۋا سوغۇق بولغاندا ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن سۇ ھورلىرىنىڭ قېتىشىشىدىن (توڭلىشىدىن) شەكىللىنىپ، ئاق رەڭلىك مۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆۋاقلىرى ھالىتىدە يەرگە چۈشىدۇ.
مەسىلەن: سول تەرەپتىكى رەسىمدە قار يېغىپ، تەبىئەتنى ئاپئاق قار قاپلىغان كۆرۈنۈش تەسۋىرلىنىپتۇ.

**قالايمىقان** ① (رەۋىش) رەت-تەرتىپى بۇزۇلغان ھالەتتە، رەتسىز، چۇۋالچاق، ئولۇك-تەتۈر.
مەسىلەن: ئۇ مەكتەپتىن كېلىپلا كىتابلىرىنى قالايمىقان تاشلاپ تېلېۋىزور كۆرەتتى.
② (سۈپەت) قائىدىگە چۈشمەيدىغان، كىشى كۆڭلىگە ياقمايدىغان، ناچار، يامان.
مەسىلەن: دەرسخانىدا قالايمىقان گەپ قىلساق بولمايدۇ. ★ ئالىم دائىم قالايمىقان كىشىلەرنىڭ كەينىدە يۈرەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** رەتسىز، چۇۋالچاق، ئولۇك-تەتۈر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** رەتلىك، تەرتىپلىك، يىغىنچاق.

**قانائەت** (ئىسىم) ① بارىغا رازى بولۇش، يوقنى تېپىشقا ئىنتىلمەسلىك.
مەسىلەن: — يامان ئەمەس، — دەپتۇ ھورۇن، — تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام قانائەت قىلىپ يۈرۈۋېرىمەن.
② نەپسىنى يىغىش، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق.
مەسىلەن: بەزى چاغلاردا ئادەمگە قانائەت كېرەك.

**قانائەت قىلىش** شۈكرى قىلىش، بارىغا رازى بولۇش، يوق نەرسىگە تەلپۈنمەسلىك.
مەسىلەن: يېمەك-ئىچمەك، يۈرۈش-تۇرۇشتا بارىغا قانائەت قىلىش كېرەك، بىلىم ئۆگىنىشتە بولسا، ھەرگىز قانائەت قىلماسلىق كېرەك.

**قانات قېقىش** ① قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ يۇقىرى-تۆۋەن سىلكىش ياكى قاناتلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىش.
مەسىلەن: بىزنىڭ قىزىل خوراز ھەر كۈنى سەھەردە ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، قانات قېقىپ چىللايدۇ.
② قاناتلىرىنى سىلكىپ ئۇچۇش، بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىش.
مەسىلەن: مەن ئاسماندا قانات قېقىپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارنى كۆردۈم.
**مەنداش سۆزى:** ئۇچۇش، پەرۋاز قىلىش.

**قانۇنىيەت** (ئىسىم) ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر باغلىنىش ۋە شۇ باغلىنىشلارنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى، مۇئەييەن شەكىل ۋە تەرتىپلىرى.
مەسىلەن: سىز يۇقىرىدىكى جەدۋەلگە تىك بويىچە قارىغاندا قانداق قانۇنىيەت بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
② تەبىئىي رەۋىشتە ئۆز-ئۆزىدىن شەكىللەنگەن ياكى شەكىللىنىدىغان مۇقەررەر ئىش، ھادىسە ياكى شۇ قاتارلىقلار.
مەسىلەن: تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆلۈش قانۇنىيەت.

**قايماق** (ئىسىم) قايىنىغان ياكى مەلۇم ۋاقىت تىندۇرۇلغان سۈت يۈزىدە ھاسىل بولىدىغان مايلىق نېپىز قەۋەت.
مەسىلەن: مەن قايماقنى ياخشى كۆرىمەن.

**قايىل قىلىش** باشقىلارنى ئۆز ئىقتىدارىغا ھەقىقىي ئىشەندۈرۈش، تەبىئىي ھالدا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش، ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇش.
مەسىلەن: ئاسماندىكى پولات قۇش، / ئويناپ-ئويناپ ئۇچسەن./

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايىل قىلىپ ھەممىنى، / ھەردەم زەپەر قۇچسەن.

**قەدىمكى** (سۈپەت) ناھايىتى بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى ياكى شۇ مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن، كونا، قەدىمىي.
مەسىلەن: مەن تىخى قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلمەيمەن.
**مەنىداش سۆزى:** قەدىمىي، كونا، بۇرۇنقى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېڭى، ھازىرقى، بۈگۈنكى.

**قەدىمىي** (سۈپەت) ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەن، ئۇزۇن تارىخى بار، كونا.
مەسىلەن: تۇرپان ناھايىتى قەدىمىي، گۈزەل شەھەر.
**مەنىداش سۆزى:** قەدىمكى، كونا، بۇرۇنقى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېڭى، ھازىرقى، بۈگۈنكى.

**قەھرىمان** (سۈپەت) ① ئۆز خەلقى، ۋەتىنى ۋە يۇرتداشلىرىنى، ھەق-ئادالەتنى قوغداش يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان.
مەسىلەن: قەھرىمان جەڭچى.
② (ئىسىم) ئادالەت يولىدا ياكى ۋەتەن-خەلقنى قوغداش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ قۇربان بولغان ياكى زور تۆھپە ياراتقان كىشى.
مەسىلەن: قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىمىز. ★ سادىر پالۋان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ئۇلۇغ قەھرىمان.
**مەنىداش سۆزى:** باتۇر، قورقماس، يۈرەكلىك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورقۇنچاق، يۈرەكسىز.

**قەيەر** (ئالماش) قايسى يەر، قايسى ئورۇن، قانداق ئورۇن، قانداق جاي.
مەسىلەن: رەسىمدىكى قەيەر؟
**مەنىداش سۆزى:** نە.

**قورال** (ئىسىم) ① دۈشمەنگە يولۇققاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇنىڭ ئەسلىھەلىرىنى يوقىتىش، ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئادەتتە كۆپرەك مىلتىق، تاپانچا قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
مەسىلەن: — قورالنى چىقار! — دېدى ئۇ دۈشمەنىنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ.
② تۇرلۇك ئىش-پائالىيەتلەردە پايدىلىنىدىغان ئەسۋاب-بۇيۇملار.
مەسىلەن: بىز ئوقۇش قوراللىرىمىزنى ياخشى ئاسرايمىز.

**قورققاق** (سۈپەت) دائىملا قورقۇپ تۇزۇك ئىش قىلالمايدىغان، يۈرەكسىز، توخۇ يۈرەك.
مەسىلەن: ئۇ بەك قورققاق، دائىم قورقۇپلا يۈرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** يۈرەكسىز، توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قورقماس، يۈرەكلىك، باتۇر.

**قوشاق** (ئىسىم) مىسرالىرىنىڭ بوغۇملار سانى تەڭ، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولغان، ھەربىر بۆلىكى تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان، خەلق ئىچىدە توقۇلۇپ ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل شېئىر.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»نى يادلىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېتىكى تارىيىسى www.uyghurkitap.com

مەنىداش سۆزى: شېئىر.

**قوشۇش** ① (پېئىل) ئايرىم-ئايرىم، بۆلەك-بۆلەك نەرسىلەرنى يىغىپ بىرلەشتۈرۈش، بىر يەرگە يىغىش، جەملەش.
مەسىلەن: بىز ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇشنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدۇق.
② (ئىسىم) ماتېماتىكىدا بېرىلگەن سانلارنى ئۆزئارا جەملەشنى بىلدۈرىدىغان ماتېماتىكىلىق بەلگە، ئىپادە، يەنى «+» بەلگىسى.
③ (پېئىل) ھارۋا، ساپان قاتارلىقلارنى ئات-ئۇلاغلارغا چېتىش، سۆرىتىش ئۈچۈن تەييار قىلىش.
مەسىلەن: ھارۋا قوشۇش.
مەنىداش سۆزى: قېتىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئېلىش، ئايرىش، بۆلۈش.

**قوشۇلغۇچى** (ئىسىم) ① بىر نەرسىگە قوشۇلىدىغان نەرسە.
② ماتېماتىكىدا بىر سانغا قوشۇلىدىغان يەنە بىر سان.
مەسىلەن: 10=1+9 دىكى 9 بىلەن 1 قوشۇلغۇچى، 10 بولسا يىغىندى بولىدۇ.

**قوشۇلۇش** (پېئىل) ① بىرلىشىش، بىرلىشىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىش، بىرىكىش.
مەسىلەن: بوغۇم بىر سوزۇق تاۋۇشتىن ياكى بىر سوزۇق تاۋۇشقا بىر ياكى بىرنەچچە ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ.
② ماقۇل بولۇش، رازى بولۇش، ئۇناش، ماقۇللۇق بىلدۈرۈش.

مەسىلەن: كىمنىڭ پىكرى توغرا بولسا، شۇنىڭغا قوشۇلۇش كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** بىرلىشىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئايرىلىش.

**قوۋۇرغا** (ئىسىم) ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە جايلاشقان ئۇزۇن، تار سۆڭەك. ئادەملەردە 12 جۈپ بولىدۇ. شەكلى ياپىلاق، ئەگرى بولىدۇ.
مەسىلەن: مەن قوينىڭ قوۋۇرغىسىنى ياخشى كۆرىمەن.

**قۇدرەتلىك** (سۈپەت) كۈچلۈك، ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇدرىتى زور، قەيسەر.
مەسىلەن: ئۇزاق يەرلەر سەن بىلەن، / بىزلەر ئۇچۇن بىر قەدەم./ سېنى شۇنداق ئۇچۇرغان، / قۇدرەتلىك، باتۇر ئادەم.
**مەنىداش سۆزى:** كۈچلۈك، قابىل.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۈچسىز، ئاجىز.

**قۇر** (ئىسىم) ① قەغەزگە يېزىلغان ياكى سىزىلغان خەت، سىزىق قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر رىتى.
مەسىلەن: سۆزلەرنىڭ قۇر ئاخىرىغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلىدۇ.
② يەرگە تىكىلگەن ياكى تېرىلغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەربىر رىتى، قاتارى.
مەسىلەن: بىزنىڭ باغدا ئىككى قۇر ئالما كۆچىتى بار.
③ يۈرۈش، تو.
مەسىلەن: مەن بىر قۇر كىيىم ئالدىم.

www.uyghurkitap.com

**قۇش** (ئىسىم) قانىتى بار، ئۇچالايدىغان جانلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى، ئۇچارقانات.
مەسىلەن: قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇچارقانات، ئۇچارلىق.

**قۇمۇلخان** (ئىسىم) قۇمۇل خانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلەر، يەنى قۇمۇل.
مەسىلەن: سادىر دەپ ئېتىم يامان، / ئون بەش ياشتا ئاتالغان، /دەسلەپكى تۇتۇلغاندا، / قۇمۇلخانغا پالانغان.

**قۇيرۇق** (ئىسىم) ① ھايۋانلار تېنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ساڭگىلاپ ياكى دىڭگىيىپ تۇرىدىغان، تۈك ياكى پەيلەر بىلەن قاپلانغان ئۇزۇنچاق نەرسە.
مەسىلەن: چاشقان نېمە ئۈچۈن قۇيرۇق سىزىپ قويىدۇ؟
② ئومۇمەن نەرسىلەرنىڭ باش تەرىپىنىڭ قارشىسىدىكى ئارقا قىسمى، كەينى.
مەسىلەن: ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقى. ★ پويىزنىڭ قۇيرۇقى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** باش.

**قىرى** ① (سۈپەت) يېشى چوڭىيىپ ياشانغان، ئۆمۈرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كىرگەن.
مەسىلەن: قىرى توشقان ھەممە توشقانلارنى يىغىپ ئۇلار بىلەن تۈلكىنى قوغلىۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى.
② (ئىسىم) ئۆمۈرنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كىرىپ قالغان نەرسە ياكى 60ـ65 ياشلاردىن ئاشقان كىشى.
مەسىلەن: قىرىلارنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئاپتوبۇسلاردا ئۇلارغا ئورۇن

بېرىشىمىز كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** چال.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆسمۈر، بالا، ياش.

**قىچقىرىش** (پېئىل) ① ئۈن، ئاۋاز چىقىرىپ ۋارقىراش، ئۈنلۈك ئاۋاز چىقىرىپ بىرەر ئىما-ئىشارەت ياكى خەۋەر-مەلۇمات بېرىش.
مەسىلەن: توخۇنىڭ قىچقىرىشى نورمال ئىش، ئەمما مۈشۈكنىڭ قىچقىرىشى غەلىتە ئىش. ★ مۇئەللىم مېنىڭ ئىسمىمنى قىچقىردى.
② تەكلىپ قىلىش، چاقىرىش، ئېيتىش.
مەسىلەن: ئالىم بىزنى ئۆيىگە قىچقىرىپ كەپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** چاقىرىش، چىللاش، ئۈنلەش.

**قىرىق** (سان) «40» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى تۆت يەردىكى ئوننىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 39 دىن چوڭ، 41 دىن كىچىك پۈتۈن سان.

**قىزغىن** ① (رەۋىش) چىن دىلىدىن قىزىقىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئوتتەك قىزىق ھېسسىيات بىلەن.
مەسىلەن: بىز ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز.
② (سۈپەت) جانلىق، جۇشقۇن، قايناق.
مەسىلەن: بىز سىنىپتا قىزغىن مۇنازىرە قىلدۇق.
**مەنىداش سۆزى:** جۇشقۇن، جانلىق، قايناق، ئوتتەك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سۇس، سوغۇق، جانسىز.

**قىسقا** (سۈپەت) ① جايى، مۇساپە ئارىلىقى كىچىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

ئاز، ئۇزۇن ئەمەس، كالتە.
مەسىلەن: ئۇ بىر قىسقا تاياق بىلەن يەرنى سىزىپ يۈرەتتى.
② ۋاقىت جەھەتتىن ئاز، ئۇزاق ئەمەس.
مەسىلەن: بۇ ئىشنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىككى سائەت بەك قىسقا بولۇپ قالدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** كالتە.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇزۇن، ئۇزاق.

**قىسقىراش** (پېئىل) ئۇزۇنلۇقى، ئارىلىقى ياكى ۋاقتى، دائىرىسى، ھەجمى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەسلىدىكىدىن ئازىيىش، كىچىكلەش، ئىخچاملىنىش.
مەسىلەن: تونلەر ئۈزىراپ، كۈنلەر قىسقىراشقا باشلىدى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۇزىراش.

**قىش** (ئىسىم) بىر يىلدىكى توت پەسلىنىڭ بىرى، يەنى كۈز بىلەن ئەتىيازنىڭ ئارىلىقىدىكى سوغۇق پەسىل. تەخمىنەن 11-ئاينىڭ 6-كۈنلىرى باشلىنىپ كېيىنكى يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنلىرى ئەتراپىدا ئاخىرلىشىدۇ.
مەسىلەن: بۇ يىل قىش بەك سوغۇق بولدى.
**مەنىداش سۆزى:** زىمىستان.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياز.

**قىلچە** (رەۋىش) ھېچقانچە؛ كىچىككىنە، ئازراقمۇ؛ زادىلا، قەتئىي.
مەسىلەن: ئۇ ئۆگىنىشتە قىلچە بىخوتلۇق قىلمايدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئازراقمۇ، كىچىككىنىمۇ.

**قىيا** ① (ئىسىم) تاغ-ئېدىرلاردىكى ناھايىتى ئېگىز تىك يار.
مەسىلەن: قىران بۈركۈتنىڭ قىياغا قاراپ ئۇچقانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ؟
② (رەۋىش) بىرئاز يېنىچە؛ يانتۇ، قىيسىق.
مەسىلەن: ئالىم ماڭا قىيا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.
★ ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى.

**قىياپەت** (ئىسىم) نەرسىلەرنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان شەكىل ھالىتى، سىرتقى كۆرۈنۈش، تۇس.
مەسىلەن: دەرسخانىدا ئولتۇرۇش قىياپىتىگە دىققەت قىلىش لازىم.
**مەنىداش سۆزى:** ھالەت، شەكىل.

**قىيىن** (سۈپەت) ئاسان قىلغىلى بولمايدىغان، كۆپ كۈچ ۋە شىجائەت تەلەپ قىلىدىغان؛ ئېغىر، ئاسان ياكى يەڭگىل ئەمەس.
مەسىلەن: ئوقالايمەن ھېكايە، / قولغا ئېلىپ كىتابنى. / چىقىرىمەن سىنىساڭ، / خېلى قىيىن ھېسابنى.
**مەنىداش سۆزى:** تەس، مۈشكۈل، ئېغىر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاسان، ئوڭاي، يەڭگىل.

# ك

**ك** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 18-ھەرپى.

**كارتا** (ئىسىم) قېلىن ياكى قېلىنراق قەغەزدىن تۆت بۇرجەك قىلىپ كېسىلگەن ۋاراق، ۋاراقچە، يەنى □ شەكلىدىكى قەغەز پارچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: كارتىلارنى دۆگىلەكلەرنىڭ ئىچىگە قويۇڭ.

**كائىنات** (ئىسىم) بىز تۇرۇۋاتقان يەر شارى ۋە ئاسماندىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز دائىرە، جىمى ئالەم، جىمى ئىقلىم.
مەسىلەن: مەن ياخشى ئوقۇپ ئالىم بولۇپ، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئاچىمەن.

**كەشتە** (ئىسىم) رەختنىڭ يۈزىگە يىڭنە بىلەن تىكىپ چۈشۈرۈلگەن تۈرلۈك گۈل، رەسىم قاتارلىقلار.
مەسىلەن: كېلىڭلار دوستلار مەكتەپكە، / بىز تىرىشىپ ئوقۇيلى. / ئوقۇغاننى كۆڭۈلگە، / كەشتە قىلىپ توقۇيلى.

**كەڭ** (سۈپەت) ① دائىرىسى ۋە ھەجىم-سىغىمى چوڭ، بىپايان، دائىرىسى يوغان.
مەسىلەن: ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ.
② توغرا تەرىپى يوغان. ئەنلىك، توغرىلىق؛ ئازادە، كەڭتاشا.
مەسىلەن: ئۈرۈمچىنىڭ يوللىرى ناھايىتى كەڭ.
**مەنىداش سۆزى:** ئازادە، كەڭتاشا؛ چوڭ، يوغان.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تار، قىستاڭ؛ كىچىك.

**كۇپلېت** (ئىسىم) قوشاق ياكى شېئىرنىڭ ئىككىدىن يۇقىرى مىسرادىن تەركىب تاپقان، مىسرالار مەلۇم قاپىيە تەرتىپىگە ئىگە بولغان بۆلىكى.
مەسىلەن: مەن «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»دىن ئىككى كۇپلېتنى يادلاپ بولدۇم.

**كۆپ** (سۈپەت) ① سان، مىقدار جەھەتتىن ناھايىتى
جىق، نۇرغۇن، ئارتۇق.
مەسىلەن: بۇگۈن باتۇر كۆپ كۆچەت تىكتى.
② ناھايىتى، قالتىس، بەكلا، ئالاھىدە.
مەسىلەن: ئۇنىڭغا قارىغاندا سەن ئۆگىنىشتە كۆپ ياخشى.
**مەنىداش سۆزى:** جىق، نۇرغۇن، تولا، ئارتۇق، زىيادە.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاز، كەم.

**كۆپلەپ** (رەۋىش) كۆپ ساندا، كۆپ مىقداردا، ناھايىتى
جىق.
مەسىلەن: مەكتەپكە يېڭى ئوقۇغۇچىلار كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاز-ئازدىن، بىر نەچچىدىن.

**كۆچەت** (ئىسىم) يېڭى كۆكلەپ چىققان ياكى
كۆكلەۋاتقان كىچىك دەرەخ، ياش دەرەخ.
مەسىلەن: ئوقۇغۇچى كۆچەتكە سۇ قۇيۇۋاتىدۇ.

**كۆچەت تىكىش** كۆچەتنى قائىدە بويىچە ئورەك كولاپ يەنە
كۆكلەپ چىققۇدەك قىلىپ قويۇش.
مەسىلەن: كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلساق، يۇرتىمىز تېخىمۇ گۈزەل
بولىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** كۆچەت قويۇش.

**كۆچۈرۈش** (پېئىل) ① تەييار يېزىپ قويۇلغان نەرسىنى
باشقا نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئەينەن دوراپ يېزىش، قايتىدىن
ئەينەن يېزىپ چىقىش.

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلەرگە چىرايلىق كۆچۈرۈڭلار.
② بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش.
مەسىلەن: بىز ئۆيىمىزنى يېزىغا كۆچۈرۈپ كەتتۇق.
③ ئوغرىلىقچە باشقىلارنىڭ قەغىزىگە قاراپ ياكى ئۆزى ئېلىپ كىرگەن جاۋاب قەغىزىگە قاراپ يېزىش.
مەسىلەن: ئالىم ئىمتىھاندا كۆچۈرۈپ، تۇتۇلۇپ قالدى.
★ كۆچۈرۈپ ئىمتىھان بېرىش نومۇس.
④ مەكتەپلەردە تۆۋەن يىللىقتىن يۇقىرى يىللىققا چىقىپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىش، يۇقىرى سىنىپقا چىقىرىپ قويۇش.
مەسىلەن: مۇئەللىم مېنىڭ ئىرادەمگە قاراپ، مېنى 3-يىللىققا كۆچۈرۈپ قويدى.

**كۆزىتىش** (پېئىل) قاراپ تەكشۈرۈپ شۇ نەرسە ھەققىدە ئويلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش.
مەسىلەن: رەسىملەرنى كۆزىتىپ، نېمە؟ نېمىلەر؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.
**مەنداش سۆزى:** تەكشۈرۈش، قاراش، كۆزدىن كەچۈرۈش.
**كۆك** I ① (سۈپەت) تىنىق ئاسمان رەڭگىدىكى، قېنىق ھاۋا رەڭ، ماۋى.
مەسىلەن: ئالىيە كۆك يوپكىسىنى رازىيەگە بېرىۋەتتى.
② (ئىسىم) يەر ئۈستىدىن قارىغاندا گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاۋا قاتلىمى، ئاسمان.
مەسىلەن: ئورغاق ئايغا ئولتۇردۇق، / ئاي بولدى كىچىك كېمەم.
/ كۆردۈم سانسىز يۇلتۇزنى، / كۆك ئارا كېزىپ ھەر دەم.
③ (ئىسىم) ئۆسۈۋاتقان ئوت-چۆپ؛ سەي-كۆكتاتلارنىڭ يوپۇرمىقى ياكى قولىقى؛ كۆكتات.

مەسىلەن: ماللار كۆككە تويدى. ★ ئۇ سەۋزە كۆكىنى تازىلىۋاتاتتى.
★ بىز كۆك چۆچۈرىسى يېدۇق.
④ (سۈپەت) پىشمىغان، خام.
مەسىلەن: مېۋىلەر تېخى كۆك بولغاچقا بىز باغقا كىرمىدۇق.
⑤ (ئىسىم) بىرەر نەرسىنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن بەدەندە پەيدا بولغان كۆكۈش ئىز.
مەسىلەن: قاتتىق تاياق زەربىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرىگە كۆك چۈشۈپ كەتكەنىدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئاسمان؛ خام.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يەر، زېمىن؛ پىشىشىق.

**كۆك** II (ئىسىم) يوغان ئاتلاپ تىكىلگەن تىكىچ.
مەسىلەن: ئاپام يوتقانغا كۆك سېلىۋاتاتتى.

**كۆكتات** (ئىسىم) كۆندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك سەيلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.
مەسىلەن: كۆكتاتلارنى يۇماي يېيىش سالامەتلىككە زىيانلىق.
**مەنىداش سۆزى:** سەي، ئوتياش.

**كۆڭۈل قويۇش** پۈتۈن دىققىتى، زېھنى بىلەن بېرىلىش، دىققەت قىلىش، دىققەت-ئېتىبارىنى يىغىپ ئىخلاس قىلىش.
مەسىلەن: مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمىز.
**مەنىداش سۆزى:** دىققەت قىلىش، زېھنىنى قويۇش.

**كۆڭۈللۈك** (سۈپەت) كۆڭۈلگە ياقىدىغان، كىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

خۇشال قىلىدىغان، بەختلىك، بىقىملىق.
مەسىلەن: مەكتەپ ھاياتى بەك كۆڭۈللۈك.
**مەنىداش سۆزى:** خۇشال، بەختلىك، يېقىملىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۆڭۈلسىز، غەمكىن.

**كۆندۈرۈش** (پېئىل) مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەتكە ئادەتلەندۈرۈش، لايىقلاشتۇرۇش، ئۆگىتىش.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن قول كۆندۈرۈش مەشقى قىلدۇق.
**مەنىداش سۆزى:** ئۆگىتىش، ئادەتلەندۈرۈش.

**كۆنۈكمە** (ئىسىم) دەرسلىكتىكى ھەربىر دەرسنىڭ ئاخىرىغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن تاپشۇرۇق تېمىلىرى، مەشىق.
مەسىلەن: مەن 2-دەرسنىڭ كۆنۈكمىسىنى ئىشلەپ بولدۇم.
**مەنىداش سۆزى:** مەشىق، تاپشۇرۇق، تەكرار.

**كۆۋرۈك** (ئىسىم) ئېرىق-ئۆستەڭ، دەريا ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئادەم ۋە قاتناش قوراللىرىنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن ئىككى قاشنى تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان ئېگىز قۇرۇلما.
مەسىلەن: ئىككى بالا تار كۆۋرۈككە ئىككى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ قالدى. ئويلاپ كۆرۈڭلار، ئۇلار كۆۋرۈكتىن قانداق قىلغاندا ئۆتەلەيدۇ؟

**كۆيۈنۈش** (پېئىل) ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ غەمخورلۇق قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراش.
مەسىلەن: مۇئەللىمنىڭ بىزگە بولغانچىۋالا كۆيۈنۈشى ھەممىمىزنى تەسىرلەندۈردى.

**مەنىداش سۆزى:** ئاسراش، ئاياش، غەمخورلۇق قىلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەت كۆرۈش، ئۆز بولۇش، يامان كۆرۈش.

**كۈچلۈك** (سۈپەت) كۈچ-قۇدرىتى زور، كۈچى باشقىلاردىن ئارتۇق، ئاسان يېڭىلمەيدىغان، كۈچى جىق.
مەسىلەن: بىز ۋەتىنىمىزنى كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** قۇدرەتلىك، كۈچتۈڭگۈر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كۈچسىز، ئاجىز، جانسىز، زەئىپ.

**كۈز** (ئىسىم) ياز بىلەن قىشنىڭ ئارىلىقىدىكى سالقىن پەسىل. 8-ئاينىڭ 7-كۈنلىرى ئەتراپىدا باشلىنىپ، 11-ئاينىڭ 8-كۈنلىرى ئەتراپىدا ئاخىرلىشىدۇ. بۇ پەسىلدە يەل-يېمىشلەر، كۆزلۈك زىرائەتلەر پىشىپ، يوپۇرماقلار سارغىيىپ تۆكۈلىدۇ.
مەسىلەن: مەن بۇ يىل كۈزدە يېزىغا بېرىپ كېلىمەن.

**كۈن** (ئىسىم) ① قۇياش.
مەسىلەن: ھاۋا ئېچىلىپ، كۈن چىقتى.
② بىر كېچە-كۈندۈزگە، يەنى 24 سائەتكە تەڭ بولغان ۋاقىت. بىر كېچە-كۈندۈز.
مەسىلەن: مەن ئىككى كۈن ئاغرىپ ياتتىم.
③ كۈندۈز، يەنى قۇياش چىققاندىن تارتىپ قۇياش پاتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت.
مەسىلەن: ئۇ شۇ كۈنى مەن بىلەن بىرگە ئوينىغانىدى.
**مەنىداش سۆزى:** قۇياش؛ كۈندۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تۈن، كېچە.

**كۈنگەي** (سۈپەت) كۈن نۇرى چۈشىدىغان، ئاپتاپ تېگىپ تۇرىدىغان.
مەسىلەن: باھار كەلدى، كۈنگەي يەرلەردىكى قارلار تۈگەپ، كۆپكۆك ئوتلار ئۆسۈپ چىقتى.
**مەنىداش سۆزى:** ئاپتاپلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەسكەي، ئاپتاپسىز.

**كېچىكىش** (پېئىل) بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قىلىش، ئۈلگۈرەلمەي قىلىش.
مەسىلەن: دەرسكە كېچىكمەيلى! ★ بالا نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدى؟ رەسىمگە قاراپ ھېكايە قىلىپ بېرىڭلار.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۈلگۈرۈش.

**كېرەكلىك** (سۈپەت) ① كېرەك بولىدىغان، ئېھتىياجلىق، لازىملىق، زۆرۈر.
مەسىلەن: ئۇ كېرەكلىك سايمانلارنى تولۇق ئېلىپ يولغا چىقتى.
② كېرەككە كېلىدىغان، ئىشقا يارايدىغان، ياراملىق.
مەسىلەن: دادام ماڭا دائىم: «ياخشى ئوقۇپ كېرەكلىك ئادەم بول» دەيتتى.
**مەنىداش سۆزى:** لازىملىق، زۆرۈر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كېرەكسىز، يارىماس.

**كېزىش** (پېئىل) مېڭىپ ياكى ئۇچۇپ ئايلىنىپ يۈرۈش، ئارىلاپ كۆرۈش، زىيارەت ياكى ساياھەت قىلىش.
مەسىلەن: لۇتپۇللا يۇرت كېزىشنى، تاغلارغا، تىك چوققىلارغا چىقىشنى

ياخشى كۆرەتتى.
**مەنداش سۆزى:** ئايلىنىش، ئارىلاش، زىيارەت قىلىش.

**كېڭەيتىش** (پېئىل) ① مۇناسىۋەتلىك بايان، چۈشەندۈرۈشلەرنى قوشۇپ كۆپەيتىش.
مەسلەن: تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ سۆزلەپ بېرىڭلار.
② كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش، كەڭ دائىرىدە قوللىنىش.
مەسلەن: ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا كېڭەيتىشىمىز كېرەك.
**مەنداش سۆزى:** چوڭايتىش، يوغىنىتىش، زورايتىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تارايتىش، يىغىش.

**كېمەيتكۈچى** (ئىسىم) بىر ساندىن يەنە بىر ساننى ئېلىشتا، ئەسلىدىكى ساندىن ئېلىنىۋېتىلىدىغان سان، ئالغۇچى.
مەسلەن: 61=7—68 دىكى 7 كېمەيتكۈچىدۇر.
**مەنداش سۆزى:** ئالغۇچى.

**كېمەيگۈچى** (ئىسىم) بىر ساندىن يەنە بىر سان ئېلىنىۋېتىلگەندە، ئەسلىدىكى سان كېمەيگۈچى بولىدۇ.
مەسلەن: 22=50—72 دىكى 72 كېمەيگۈچىدۇر.
**مەنداش سۆزى:** ئېلىنغۇچى.

**كىچىك** (سۈپەت) ① ئىگىلىگەن ئورنى ياكى ھەجمى، ئۆلچىمى، دائىرىسى ئاز، چوڭ ئەمەس.
مەسلەن: بىزنىڭ ئۆيىمىز سەل كىچىك.

② ياش جەھەتتە تۆۋەن، تېخى چوڭ بولمىغان، تېخى ئەمدى ئۆسۈۋاتقان.
مەسىلەن: قەيسەر تېخى كىچىك ئىدى.
③ قاتناشقانلار ۋە داغدۇغىسى، ئەھمىيىتى ئانچە چوڭ بولمىغان، ئاددىي، ئادەتتىكى.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن بىر كىچىك يىغىن ئاچتۇق. ★ چامغۇر يۇلۇش دېگەن كىچىك ئىشقۇ؟!
**مەنداش سۆزى:** ئاز، تار؛ ئاددىي، ئادەتتىكى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چوڭ، يوغان، كەڭ؛ ئۇلۇغ، كاتتا، زور.

**كىشى** (ئىسىم) پىكىر قىلالايدىغان ھەم ئۇنى ئىپادىلىيەلەيدىغان جانلىق، ئىنسان («ئادەم» سۆزىنىڭ ئىزاھىغا قاراپ پايدىلىنىڭ).
مەسىلەن: رەسىمدىكى كىشىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
**مەنداش سۆزى:** ئادەم، ئىنسان.

**كىم** (ئالماش) قانداق ئىسمى بار ياكى نېمە ئىش قىلىدىغان كىشى، قانداق ئادەم.
مەسىلەن: بۇ رەسىمدىكى كىم؟

# گ

**گ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 19-ھەرپى.
**گال** I (ئىسىم) كېكىردەك، بوغۇز، كاناي؛ ئومۇمەن بويۇننىڭ ئالدى تەرىپى.

مەسىلەن: ئىككى كۈندىن بېرى گېلىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. ★ ئۇ كېلىپلا گېلىمنى سىققاندى، مەنمۇ قورسىقىغا بىرنى تەپتىم.

**گال** II (سۈپەت) ① تىغى ئۆتكۈر بولمىغان، كەسمەيدىغان، ئۆتمەس.
مەسىلەن: ئۇنىڭ پىچىقى بەك گال ئىكەن.
② ئىش-ھەرىكىتى ئاستا، سۈرئىتى تېز ئەمەس؛ ئىشنى چاققان قىلالمايدىغان، قاشاڭ.
مەسىلەن: ئۇنىڭ قولى بەك گال ئىكەن.
**مەنىداش سۆزى:** كەسمەس، ئۆتمەس؛ ئاستا، قاشاڭ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئىتتىك؛ چاققان.

**گرافىكا** (ئىسىم) تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئەينەن، ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان جەدۋەل، جەدۋەل شەكىللىك سىخېما.
مەسىلەن: «ئو» ھەرپىنى گرافىكىدىكى ئۈلگە بويىچە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

**گۇرۇپپا** (ئىسىم) ① ئومۇمەن ئادەملەر ياكى تۈرلۈك نەرسە-ھادىسىلەرنىڭ مەلۇم بىر مەقسەت ياكى ئۆزلىرىدىكى مەلۇم بىر ئوخشاشلىقنى چىقىش قىلىپ بىرلىشىپ توپلانغان توپى، ھەربىر بۆلىكى، گۇرۇھ، ئەترەت.
مەسىلەن: ئۇلار ئىككى گۇرۇپپا تەشكىللەپ مەشىق قىلدۇردى.
② ماتېماتىكىدا سانلىق ئىپادىلەرنىڭ مەلۇم بىر مۇناسىۋەت-باغلىنىش سەۋەبلىك بۆلۈنگەن، گۇرۇپپىلانغان ھەربىر بۆلىكى، بۆلەك، قىسىم.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى ئىپادىنىڭ ھەربىر گۇرۇپپىسىدىكى سانلارغا قاراپ يەنە نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنىداش سۆزى: ئەترەت، بۆلەك.

**گۆدەك** (سۈپەت) تېخى تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىغان، تۇرمۇشتا پىشمىغان، ساددا، خام، سەبىي.
مەسىلەن: بىز تېخى گۆدەك، تىرىشىپ ياخشى ئوقۇشىمىز، ئىرادە-ئىقتىدارىمىزنى چىنىقتۇرۇشىمىز لازىم.
**مەنىداش سۆزى:** كىچىك، سەبىي، نارەسىدە، ساددا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چوڭ، قاقۋاش.

**گۈزەل** (سۈپەت) ① كۆركەم، چىرايلىق، نەپىس؛ كېلىشكەن، ساھىبجامال.
مەسىلەن: ئۈرۈمچى گۈزەل شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭدا قەۋەتلىك بىنالار ناھايىتى كۆپ.
② ئېسىل، ياخشى، پارلاق.
مەسىلەن: گۈزەل ئەخلاق.
**مەنىداش سۆزى:** چىرايلىق، كۆركەم.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەت، كۆرۈمسىز، قوپال.

**گۈلشەن** (ئىسىم) گۈل بىلەن قاپلانغان جاي، گۈللۈك.
مەسىلەن: بوۋىلىرىمىز بۇ يەرنى ئاخىرى گۈلشەنگە ئايلاندۇرغانىكەن.
**مەنىداش سۆزى:** گۈللۈك، گۈلزار، گۈلىستان، بوستان، لالىزار.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چۆللۈك، تاقىر، قاقاسلىق، تىتىر.

**گىمناستىكا** (ئىسىم) بەلگىلەنگەن قائىدە-تەرتىپلەر

بويىچە ئويىنىلىدىغان بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتى، تەنھەرىكەت.
مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار رەتكە تىزىلىپ گىمناستىكا ئوينىدى.
**مەنىداش سۆزى:** تەنھەرىكەت.

# ل

**ل** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 21-ھەرپى.

**لاچىن** (ئىسىم) بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. ئەركەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. جۈغى كىچىك، باش ۋە بويىنىنىڭ يان تەرەپلىرىدىكى تۈك-پەيلىرى قارا رەڭلىك، ئازراق كۆكۈچ ئارىلاش، قارا ئالىسىمۇ بار. دۈمبىسى كۆك كۈل رەڭ، قورسىقى ئاقۇچ ھەم قارا ئالىسىمۇ بار. ناھايىتى تېز ئۇچىدۇ. ئۆزىدىن چوڭ قۇشلارنىمۇ ئوۋلىيالايدۇ. شىنجاڭدىمۇ بار.
مەسىلەن: مەنمۇ ئوقۇپ چوڭ بولۇپ، / باتۇر لاچىن بولىمەن. /پەن-تېخنىكا قانىتىم، / يۇلتۇزلارغا قونىمەن.

**لامپا** (ئىسىم) يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەينەكتىن ياسالغان چىراغ سايمىنى، چىراغ.
مەسىلەن: دادام لامپىنى يورۇتتى.

**لەتىپە** (ئىسىم) كۈلكىلىك ۋەقە-ھادىسىلەر ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى ناچار ئادەت، ناچار ئىللەتلەر ۋە بۇزۇق، پەسكەش كىشىلەر قىزىقارلىق سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىنىدىغان ھەجىمى كىچىك ھېكايە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارىيسى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: مۇئەللىم بىزگە لەتىپە سۆزلەپ بەردى.

**لەگلەك** (ئىسىم) چىغ قاتارلىق يەڭگىل نەرسىلەردىن تەييارلانغان رامكىغا قەغەز ياكى نىپىز شايىنى چاپلاپ ياسالغان، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ئوينىلىدىغان بىرخىل ئويۇنچۇق.
مەسىلەن: سىز لەگلەك ياساپ باقتىڭىزمۇ؟

## م

**م** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 22-ھەرپى.

**ماتېرىيال** (ئىسىم) بىرەر ئىش-پائالىيەتنى تاماملاش جەريانىدا كېرەك بولىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەر، نەرسە-كېرەك.
مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار نېمە ياساۋاتىدۇ؟ ئۇلار قانداق ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان؟

**ماتېماتىكا** (ئىسىم) ① تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سانلىق مىقدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان پەن، يەنى سانلىق مىقدارلار ھەققىدىكى ئىلىم.
② مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا شۇ ئىلىمنى ئۆگىتىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان دەرس ۋە شۇ دەرستە مەخسۇس ئوقۇلىدىغان دەرسلىك كىتاب.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن ماتېماتىكىدا 2-قىسىم ماتېماتىكىسىدىكى يېڭى بىر مەزمۇننى ئۆگەندۇق.
مەنىداش سۆزى: ھېساب

**ماختاش** (پېئىل) ياخشى تەرەپلىرىنى، ئارتۇق-چىلىقلىرىنى سۆزلەش، ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش، داڭلاش، ئۇچۇرۇش.
مەسىلەن: تىرىشچانلىق ياخشى پەزىلەت، شۇڭا تىرىشچان ئوقۇغۇچىلارنى ماختاش بىلەن بىرگە، تىرىشمايدىغانلارنى ياخشى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** داڭلاش، ئۇچۇرۇش، تەقدىرلەش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەيىبلەش، كەمسىتىش، تەنقىدلەش.

**ماختىنىش** (پېئىل) باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ياخشى، ئېسىل نەرسىلىرىنى كۆرسىتىپ ياكى ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى كۆپ سۆزلەپ كۆز-كۆز قىلىش، ئۆزىنى ھەممىدىن ياخشى كۆرسىتىش.
مەسىلەن: بىر كۈنى قاغا سېغىزخان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۆزىچە ماختىنىپتۇ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كەمسىتىش.

**مارت** (ئىسىم) 3-ئاي.
مەسىلەن: مارت ئېيى كەلدى.

**ماقال** (ئىسىم) كىشىلەر ئۇزۇن مەزگىللىك تۇرمۇش جەريانىدا تونۇپ يەتكەن توغرا ھەم قىممەتلىك ئوي-پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن تۇراقلىق جۈملە ياكى ئىبارە. بۇنداق جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ئېيتىشقا

ئۇيغۇر كىتاپ تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ.
مەسىلەن: «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۈملۈكتە» دېگەن ماقالدا بىرقانچەيلەن بىرلەشسە كۈچىنىڭ زور بولىدىغانلىقى، كۆپچىلىك ئۈم بولسا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاسان تۈگەيدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

**ماكانلىشىش** (پېئىل) ماكان تۇتۇپ ئورۇنلىشىش، دائىملىق تۇرار جايى قىلىش.
مەسىلەن: بىز دەرەخكە ئورنىتىپ قويغان ئۇۋۇغا قۇشلار كېلىپ ماكانلاشتى.
**مەنىداش سۆزى:** ئۆيلىشىش، ئولتۇراقلىشىش.

**مامكاپ** (ئىسىم) غولى يۇمشاق ۋە ئىنچىكە بولغان، باھار پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدىغان بىر خىل گۈللۈك ئۆسۈملۈك ۋە شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.
مەسىلەن: بېدىلەر كۆكىرىپ، مامكاپلار ئېچىلدى.

**مەزمۇن** (ئىسىم) گەپ-سۆز، نۇتۇق ياكى ئەسەر، ھۆججەت، تېكىست قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي مەنىسى، ئاساسلىق بايان قىلىنىدىغان مەركەزلىك ئىدىيە، دېيىلگەن مەقسەت.
مەسىلەن: تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** مەنە، ئىدىيە.

**مەسەل** (ئىسىم) ھايۋانات، ئۇچارقانات ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پائالىيەتلىرى، سۆزلىشىشلىرى ئارقىلىق تۇرلۇك تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى ياكى تۇرمۇشنىڭ ياخشى-يامان تەرەپلىرى قىزىقارلىق تەسۋىرلىنىدىغان، ھەجمى ئىخچام

ئەپسانىۋى ھېكايە.

مەسىلەن: بىز «قاغا بىلەن سېغىزخان» دېگەن مەسەلنى ئوقۇدۇق.

**مەسىلە** (ئىسىم) ① مەلۇم سانلار ۋە ماتېماتىكىلىق ئەمەللەر ئاساسىدا نامەلۇم ساننى تېپىش ئۈچۈن ھېكايە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئال، ھېساب ياكى ماتېماتىكا سوئالى.

مەسىلەن: يالقۇن ئۇ مەسىلىنى ئاخىرى ئۆزى مۇستەقىل ئىشلەپ چىقتى.

② دۆچ كەلگەن قىيىنچىلىق، ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان ئىش-ئەھۋال؛ توگۇن؛ نۇقسان، چاتاق.

مەسىلەن: ئوقۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**مەشىق قىلىش** مەلۇم بىر ئىش-پائالىيەتنى ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شۇ ئىش-پائالىيەتنى قايتا-قايتا، تەكرار-تەكرار ئىشلەپ ئۆگىنىش، تەكرار-تەكرار ئىشلەش.

مەسىلەن: تۆۋەندىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنى توغرا ئوقۇش ۋە يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

**مەكتەپ** (ئىسىم) بالىلارغا مۇنتىزىم تۈزۈملەر بويىچە ئىلىم-پەن، ھۈنەر-تېخنىكا ئۆگىتىدىغان تەربىيىلەش ئورنى.

مەسىلەن: تۆۋەندىكى رەسىمدىكى بالىلار ئالدىراش مەكتەپكە كېتىۋېتىپتۇ.

**مەڭگۈ** (رەۋىش) ھەر ۋاقىت، ھەرقاچان، ھەرقانداق چاغدا، ئەبەدىل-ئەبەد، ئۆمۈرۋايەت.

مەسىلەن: بىز ھورۇن بولمايمىز، مەڭگۈ ئەمگەكچان بولىمىز.

**مەنىداش سۆزى:** دائىم، ئەبەدىي، ئۆمۈرۋايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: بىر دەم، ۋاقىتلىق، مەزگىللىك.

**مەملىكەت** (ئىسىم) ئېنىق چېگرا ۋە زېمىنى بولغان، ئۆز زېمىنىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان دۆلەت، ئەل.
مەسىلەن: زىراپە — ئىسسىق مەملىكەتلەردە ياشايدىغان ھايۋان.
مەنىداش سۆزى: دۆلەت، ئەل.

**مەھسۇلات** (ئىسىم) ئەمگەك ئارقىلىق يارىتىلغان ئەمەلىي نەرسە، ئىشلەپچىقىرىلغان بۇيۇم.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى قايسى فابرىكىلار؟ ئۇلاردا قانداق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ؟

**مەۋسۇم** (ئىسىم) ① يىلنىڭ ھاۋا رايى بويىچە بۆلۈنگەن ھەربىر بۆلىكى.
مەسىلەن: بىز تازا تومۇز مەۋسۇمدا تۇرپانغا باردۇق.
② تەتىلدىن يىغىلىپ يەنە بىر تەتىلگە قويۇپ بېرىلگۈچە بولغان ئوقۇش ۋاقتى، بىر ئوقۇش يىلىنىڭ يېرىمى.
مەسىلەن: مەن 1-مەۋسۇمدا ئەلاچى بولدۇم.
مەنىداش سۆزى: پەسىل، دەۋر.

**مو** I (ئىسىم) جۇڭگونىڭ پارچە پۇل بىرلىكى، يەنى بىر يۈەننىڭ ئوندىن بىرىگە ياكى ئون پۇڭغا تەڭ بولغان پۇل.
مەسىلەن: مەن 7 موغا بىر دەپتەر سېتىۋالدىم.

**مو** II (مىقدار) يەرنىڭ يۈزىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى، ئادەتتە 666.7 كۋادرات مېتىرغا تەڭ. يەنى تەخمىنەن ئۇزۇنلۇقى 66.67 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر ياكى ئۇزۇنلۇقى 33.34 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر بولغان دائىرە بىر مو بولىدۇ.
مەسىلەن: بىزنىڭ يېزىدا ئىككى مو يېغىمىز بار.

**مۇئەللىم** (ئىسىم) مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى بىلىم ئۆگىتىدىغان كىشى، ئۇستاز.
مەسىلەن: ئەكبەر مۇئەللىم بىزگە ماتېماتىكا دەرسى بېرىدۇ. ★ بىز ھەممىمىز مۇئەللىملەرنى ئاتا-ئانىمىزدەك ھۆرمەتلەيمىز.
**مەنىداش سۆزى:** ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوقۇغۇچى.

**مۇبارەك بولسۇن** ھېيت-بايرام ۋە مۇناسىۋەتلىك خاتىرە كۈنلەردە ئۇچراشقان كىشىگە ياخشىلىق تىلەپ ئېيتىلىدىغان «بەختلىك بولۇڭ، كۈنلىرىڭىز خۇشال ئۆتسۇن، خۇشاللىققا تولۇڭ» دېگەن مەنىلەردىكى تەبرىكلەش سۆزى.
مەسىلەن: قەدىرلىك بالىلار، بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!
**مەنىداش سۆزى:** قۇتلۇق بولسۇن.

**مۇراسىم** (ئىسىم) بىرەر ئىشنىڭ باشلانغانلىقى ياكى تاماملانغانلىقىنى داغدۇغىلىق جاكارلاش ۋە ياكى ئەنئەنىۋى خاتىرە كۈنلەرنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىلىش پائالىيىتى.
مەسىلەن: بۈگۈن بىز ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنداش سۆزى: مەركە، يىغىلىش.

**مۇز** (ئىسىم) سۇنىڭ سوغۇقتا قېتىشىدىن ھاسىل بولغان قاتتىق جىسىم.
مەسىلەن: مۇز يېيىش سالامەتلىككە زىيانلىق.

**مۇستەقىل** ① (رەۋىش) باشقىلارنىڭ ياردىمى ياكى يېتەكلىشىگە تايانمىغان ھالدا، ئۆز ئەقلى، ئۆز بىلىشى بويىچە، ئۆزى بىلىپ.
مەسىلەن: مەن ھازىر 100 ئىچىدىكى قوشۇش، ئېلىشنى مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان بولدۇم.
② (سۈپەت) باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن خالىي، ھېچكىمگە تەۋە بولمىغان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان.
مەسىلەن: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىل دۆلەت.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بېقىندى، مۇستەملىكە.

**مۇۋاپىق** (سۈپەت) دەل جايىدا، توغرا، لايىق، مۇناسىپ كېلىدىغان، دەلمۇدەل.
مەسىلەن: تۆۋەندىكى ھەرپلەرنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى مۇۋاپىق قوللىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.
**مەنداش سۆزى:** لايىق، مۇناسىپ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نامۇۋاپىق، نالايىق.

**مۆكۈنۈش** (پېئىل) ئۆزىنى بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە ياكى دالدىسىغا ئېلىپ يوشۇرۇش، يوشۇرۇنۇش.
مەسىلەن: توشقانلار ئورمان ئىچىگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، تۈلكە كەلگەندە

ھەممىسى تەڭلا ۋارقىراپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** سۇقۇنۇش، يوشۇرۇنۇش.

**مېھمان** (ئىسىم) ① چاي، زىياپەت ئۈچۈن مەخسۇس تەكلىپ قىلىنغان كىشى.
مەسىلەن: بۈگۈن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتىدا كەلدى.
② ئومۇمەن ئەھۋال سوراپ ياكى مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بىلەن يوقلاپ كەلگەن كىشى.
مەسىلەن: — دادا مېھمان كەلدى، — دېدى ئەكبەر ئىشكنى ئېچىۋېتىپ.
**مەنىداش سۆزى:** قوناق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ساھىبخانا، ئۆي ئىگىسى.

**مېھنەت** (ئىسىم) جىسمانىي ياكى ئەقلىي جەھەتتىن ئىشلەنگەن ئەمگەك، سىڭدۈرۈلگەن ئەجىر، سەرپ قىلىنغان كۈچ.
مەسىلەن: بىزنى تەربىيلەش جەريانىدا مۇئەللىملەر بىزگە كۆپ مېھنەت سىڭدۈرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئەمگەك، ئەجىر، كۈچ.

**مېھىر (مېھرى)** (ئىسىم) نەرسىلەرگە بولغان كۆيۈنۈش، مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى، كۆيۈم، شەپقەت.
مەسىلەن: مېھرىنى تۆكۈپ، / بېرىپ كۆپ بىلىم. / ساۋاتلىق قىلدى، / بىزنى مۇئەللىم.
**مەنىداش سۆزى:** كۆيۈم.

**مىسال (مىسالى)** (ئىسىم) ① مەلۇم بىر مەسىلە ياكى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن كۆرسىتىلگەن ئۈلگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەمۇنە، دەلىل، ئىسپات، ئۆرنەك.
مەسىلەن: مۇئەللىم ئۆزىنى مىسال قىلىپ ياخشى ئوقۇغۇشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈردى.
② ماتېماتىكا دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن سانلىق ھېساب، رەقەم بىلەن ئىپادىلەنگەن ماتېماتىكا سوئالى.
مەسىلەن: بۈگۈن مۇئەللىم ماڭا ھېلىقى مىسالنى چۈشەندۈرۈپ قويدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئۈلگە، ئۆرنەك، نەمۇنە.

**مىسرا (مىسراسى)** (ئىسىم) قوشاق ياكى شېئىرلارنىڭ ھەربىر قۇرى. ئادەتتە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مىسرالار قاپىيە ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بويىچە بىرلىشىپ كۇپلېتنى ھاسىل قىلىدۇ.
مەسىلەن: مەن قوشاقنىڭ ئاخىرقى بىر مىسراسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

**مىڭ** ① (سان) «1000» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى ئون يەردىكى يۈزنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان.
② (رەۋىش) ناھايىتى كۆپ، بەك كۆپ، ھەددى-ھېسابسىز.
مەسىلەن: دادام بىلەن ئاپام بىزنى مىڭ جاپا بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن.

# ن

**ن** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 23-ھەرپى.
**نام** (ئىسىم) ئادەم ياكى نەرسىگە مەخسۇس قويۇلغان ئات، ئىسىم.

مەسىلەن: رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** ئىسىم، ئات.

**نەرسە** (ئىسىم) ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغان، ئەمما كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان مەۋجۇتلۇق.
مەسىلەن: رەسىمدىكى نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** شەيئى.

**نومۇس** ① (ئىسىم) ئادەمنىڭ ئۆز ئىززەت-ئابرۇيىنى ساقلاش تۇيغۇسى، ئۇيات، ئىزا.
مەسىلەن: مەن نومۇس كۈچىدىن ئالدىراپلا كەتمەكچى بولدۇم.
② (سۈپەت) ئۇيىلىدىغان، خىجىل بولىدىغان ياكى ئادەمنى ئۇياتقا قويىدىغان.
مەسىلەن: ئەمگەك قىلىش شەرەپلىك، ھۇرۇنلۇق نومۇس ئىش.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇيات، ئىزا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** شەرەپ، پەخىر.

**نۇرغۇن** (سۈپەت) سان ۋە مىقدار جەھەتتىن كۆپ، جىق.
مەسىلەن: بۈگۈن نۇرغۇن كىشى مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈردى.
**مەنىداش سۆزى:** كۆپ، تولا، جىق، ئاۋۇن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئاز، بىرنەچچە، بىرقانچە، بىرەر.

**نېمە** (ئالماش) قانداق ئىش-پائالىيەت، قانداق ھەرىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياكى قانداق نەرسە.
مەسىلەن: ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ★ رەسىمدىكى نېمە؟

**نېمە ئۈچۈن** نېمە سەۋەبتىن، نېمىشقا؛ قانداق ئاساس ياكى مەقسەت بىلەن.
مەسىلەن: سىز نېمە ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگەنمەيسىز؟

**نىيەت** (ئىسىم) كۆڭۈلگە پۈككەن ئارزۇ، مەقسەت، مۇددىئا.
مەسىلەن: ھەر خىل بىزنىڭ تىلىمىز، / بىر نىيەتتە سۆزلەيمىز./
ساپ ۋە جۇشقۇن دىلىمىز، / بىر نىشاننى كۆزلەيمىز.
**مەنىداش سۆزى:** مەقسەت، ئارزۇ، مۇددىئا، غەرەز.

## ھ

**ھ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 24-ھەرپى.
**ھاپاش** (ئىسىم) ئادەمنى دۈمبىگە ئېلىپ يۈدۈپ مېڭىش، دۈمبىدە كۆتۈرۈش.
مەسىلەن: لېيپېك ساۋاقداشلىرىنى بىرمۇبىر ھاپاش قىلىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزدى.

**ھارۋا** (ئىسىم) ئىككى ياكى ئۈچ-تۆت چاق ئورنىتىلغان، ئات، ئېشەك قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى قېتىپ ھەيدەيدىغان ياكى ئادەم سۆرىسىمۇ بولىدىغان ئاددىي قاتناش قورالى.
مەسىلەن: بىز ھارۋا بىلەن بازارغا باردۇق.

**هاك** (ئىسىم) ئاستى ناھايىتى چوڭقۇر، يېنى تىك، چۇشۇپ كەتسە چىققىلى بولمايدىغان، قىيا، يار.
مەسىلەن: توشقان ئالدىدىكى ھاڭغا قاراپ قورقىنىدىن قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چوققا، دۆڭلۈك، ئېگىزلىك.

**هالقىش** (پېئىل) ① ئېشىش، سىرتىغا ياكى ئۈستىگە چىقىپ كېتىش، ئاتلاش.
مەسىلەن: ئۇ ئۆستەڭ سۈيىنىڭ كۆۋرۈكتىن ھالقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
② ئۆتۈپ كېتىش، ئۇرۇش، ئۇستۇن تۇرۇش.
مەسىلەن: قاسىم ئۆگىنىشتە ھەممىمىزدىن ھالقىپ، كۆزگە كۆرۈندى.
**مەنىداش سۆزى:** ئېشىش، ئاتلاش.

**هاۋا** (ئىسىم) ① يەر شارى يۈزىدىكى بوشلۇقنى قاپلاپ تۇرغان، بارلىق جانلىقلارنىڭ نەپەسلىنىپ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن مۇھىم بولغان بىر خىل گاز. رەڭسىز، پۇراقسىز بولۇپ، كۆز بىلەن كۆرگىلى، بۇرۇن بىلەن پۇرىغىلى بولمايدۇ.
② بىرەر جاينىڭ يەر ئۈستى ئەھۋالى، ئىقلىمى، بوشلۇق شارائىتى.
مەسىلەن: بۈگۈن ھاۋا تۇتۇلدى، يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ. ★ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى ئىكەن.

**هاۋا رايى** (ئىسىم) ھاۋادا كۆرۈلۈۋاتقان ئىسسىق-سوغۇق، يامغۇر-بوران، ئوچۇق-تۇتۇق قاتارلىق خىلمۇخىل

ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئومۇمىي ھالىتى، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى.
مەسىلەن: يۇقىرىدىكى رەسىملەرنى كۆزىتىڭلار ۋە ھاۋا رايىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

**ھايات** (ئىسىم) تىرىكلەرنىڭ ياشاش، ھەرىكەت قىلىش جەريانى، تۇرمۇش.
مەسىلەن: مەكتەپ ھاياتى بەك كۆڭۈللۈك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆلۈك.

**ھەپتە** (ئىسىم) ۋاقىتنى ھېسابلاش بىرلىكى. بىر ھەپتە يەتتە كېچە-كۈندۈز بولىدۇ. يەنى دۈشەنبىدىن يەكشەنبىگىچە بولغان يەتتە كېچە-كۈندۈز ۋاقىت.
مەسىلەن: بىر ئايدا تۆت ھەپتە كېلىدۇ، بىر ھەپتە يەتتە كۈن بولىدۇ.

**ھەدە** (ئىسىم) ئۆزىدىن چوڭ بولغان قىز ياكى ئايال، ئاچا.
مەسىلەن: ئىشچى تاغا، ھەدىلەرگە سالام!
**مەنىداش سۆزى:** ئاچا.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سىڭىل.

**ھەربىر** (سۈپەت) كۆپ سانلىق نەرسىنىڭ مەلۇم بىرى. ئايرىم بىرى.
مەسىلەن: ئەتە تازىلىق قىلىمىز. ھەربىرىڭلار بىردىن تازىلىق قورالى ئېلىپ كېلىڭلار.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ھەممە، جىمى.

**ھەرپ** (ئىسىم) تىلدىكى ھەربىر تاۋۇش بىرلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان يازما بەلگە، يەنى تاۋۇشلارنىڭ يېزىقتىكى بەلگىسى.
مەسىلەن: «ئۆ»، «ئۇ» ھەرپلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ توغرا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

**ھەر خىل** بىرى بىرسىگە ئوخشىمايدىغان، خىلمۇخىل، ياڭزىمۇياڭزا.
مەسىلەن: «ئا» ھەرپىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** خىلمۇخىل، تۈرلۈك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىر خىل.

**ھەر دەم** ھەممە ۋاقىت، ھەرقانداق چاغدا، ھەر دائىم، ھەمىشە.
مەسىلەن: قېرىنداش، پىچاق ھەمدە ئۆچۈرگۈچ، / ئۆگىنىشىمگە بېرىدۇ ياردەم. / سۇندۇرۇپ ئىسراپ قىلمايمەن ئۇنى، / ئوقۇش قورالىنى ئاسرايمەن ھەر دەم.
**مەنىداش سۆزى:** ھەمىشە، دائىم.

**ھەرىكەت** (ئىسىم) ① ئۇيان-بۇيان مىدىرلاپ قىلىۋاتقان پائالىيەت، تىنچسىز ھالەت، ئىش-پائالىيەت.
مەسىلەن: بۇگۈن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا دەرس سۆزلەندى.
② بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى.
مەسىلەن: ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھەرىكەت قىلىش سالامەتلىككە پايدىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ھەق** ① (سۈپەت) چىن، توغرا.
مەسىلەن: ھەق گەپ.
② (ئىسىم) ئىشنىڭ توغرىسى، ئادالەت، ھەقىقەت.
مەسىلەن: بىز ھەممە ئىشتا ھەقنى كۆزلىشىمىز، ھەقنى سۆزلىشىمىز لازىم.
③ (ئىسىم) قىلغان ئىش-ئەمگىكى ئۈچۈن بېرىلگەن ياكى بىرەر نەرسىدىن پايدىلىنىشنى ئۈچۈن تۆلىگەن تۆلەم، پۇل ياكى شۇنداق نەرسە.
مەسىلەن: نىمە ئىش قىلساڭ، شۇنىڭغا تۇشلۇق ھەق ئالىسەن.
**مەنىداش سۆزى:** چىن، راست، توغرا؛ ھەقىقەت.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يالغان، ساختا؛ ناھەق.

**ھەقىقەت** (ئىسىم) تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولغان ھەقىقىي ئەھۋال ياكى تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىزنىڭ سەزگۈمىزدىكى توغرا ئىنكاسى؛ چىنلىق، توغرىلىق.
مەسىلەن: ھەسەن ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ھەق، راستلىق، چىنلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئويدۇرما، سەپسەتە، ئەپسانە.

**ھەقىقەتەن** (رەۋىش) ھەقىقىي رەۋىشتە، راستىنلا، راست، ھەقىقىي.
مەسىلەن: بىز ھەقىقەتەن ئارقىدا قالدۇق.
**مەنىداش سۆزى:** راستىنلا، راست، ھەقىقىي.

**ھەممە** (ئالماش) مەلۇم تۈردىكى نەرسە ياكى شەيئىنىڭ بارلىقى، جەمئىيسى.
مەسىلەن: ھەممە بايلىق ئەمگەكتە.

**مەنىداش سۆزى:** پۈتۈن، بارلىق، پۈتكۈل، جىمى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بىر قىسىم، قىسمەن، پارچە.

**ھۇرۇن** (سۈپەت) ئىش قىلمايلا ئوڭدا يېتىپ ئارام ئېلىشنى خالايدىغان، ئەمگەك سۆيمەيدىغان، زادىلا ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان.
مەسلەن: تىرىشچان باللار ياخشى ئوقۇيدۇ، ھۇرۇن باللار ياخشى ئوقۇيالمايدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** بوشاڭ، ئىزىلەڭگۈ، ئېرىنچەك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** غەيرەتلىك، ئىشچان، تىرىشچان، ئەمگەكچان.

**ھۆرمەتلەش** (پېئىل) چوڭ كۆرۈپ، ئۇلۇغلاپ قەدىرلەش، ھۆرمەت قىلىش.
مەسلەن: چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسرايلى.
**مەنىداش سۆزى:** ئىززەتلەش، قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش.

**ھۆكۈم قىلىش** بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە قارىتا ئېنىق باھا بېرىش، ئۇنىڭ قانداقلىقىغا قارىتا ئوچۇق قارار چىقىرىش، كېسىم چىقىرىش.
مەسلەن: تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار.

**ھېسابلاش** (پېئىل) ① سانلىق مىقدارلارنى بېرىلگەن ماتېماتىكىلىق ئىپادىلەر بويىچە يېشىپ نەتىجىسىنى چىقىرىش، نەتىجىسىنى تېپىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «?=9—12»نى ھېسابلاپ بېقىڭلار.
② نەرسىلەرنىڭ سان-مىقدارىنى ئېنىقلاش؛ سانىنى چىقىرىش، ساناش.
مەسلەن: دادام پۇلنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئىككىلىنىپ قالدى.
**مەنىداش سۆزى:** ساناش.

**ھېكايە** (ئىسىم) بىرەر كىشى، نەرسە ياكى ۋەقە-ھادىسە توغرىلىق سۆزلەنگەن ياكى يېزىلغان بايان، مەلۇمات، گەپ-سۆز.
مەسلەن: دادام ماڭا سادىر پالۋاننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

**ھېكايە قىلىش** مەلۇم ۋەقە ياكى ئىش-ھەرىكەتنى گەپ-سۆز بىلەن بايان قىلىش، ئۆز سۆزىگە ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىش، ھېكايە شەكلىدە ئېيتىپ بېرىش.
مەسلەن: بۇ بەتتىكى رەسىملەرنى تەرتىپى بىلەن ھېكايە قىلىڭلار.

**ھېيت** (ئىسىم) ① ئىسلام دىنىي ئادىتى بويىچە ھەر يىلى ئىككى قېتىم كېلىدىغان دىنىي بايرام پائالىيىتى. بىرى روزا ھېيت، يەنە بىرى قۇربان ھېيت بولۇپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلار بۇ ئىككى ھېيتتا ئۆزئارا يوقلىشىپ ئەھۋال سورىشىدۇ.
② بىرەر ئۇلۇغ ئىش ۋۇجۇدقا چىققان خاتىرە كۈن، خۇشاللىقنا چۆمۈلگەن قۇتلۇق كۈن.
مەسلەن: — ساڭا ھېيت بولدىمۇ؟ — دېدى دادام مېنىڭ خۇشاللىقىمنى كۆرۈپ.

# ئو

**ئو** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 25-ھەرپى.

**ئوبدان** ① (سۈپەت) ياخشى، ئېسىل، بەلەن، كۆڭۈلدىكىدەك.
مەسلەن: ئوبدان باللار، يولدا قاتناش بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىڭلار!
② (رەۋىش) دەل ۋاقتىدا؛ دەل جايىدا، راسا، خوپ.
مەسلەن: بىز ئۇنى ئوبدان بابلىدۇق. ★ سىزنى كۈتۈۋاتاتتۇق، ئوبدان كەلدىڭىز.

**مەنىداش سۆزى:** بەلەن، ئېسىل، ياخشى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ناچار، ئەسكى.

**ئوت I** (ئىسىم) ئومۇمەن غولى ياغاچلاشمايدىغان، ئوتخور ھايۋانلار يەيدىغان ئۆسۈملۈكلەر، چۆپ، گىياھ ياكى ھايۋانلارغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان تۈرلۈك دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخ-يوپۇرمىقى قاتارلىق نەرسىلەر.
مەسلەن: بىز ئوت ئوتاشقا باردۇق. ★ مەن قويلارغا ئوت تاشلاپ بەردىم.

**ئوت II** (ئىسىم) ① كۆيۈشتىن ھاسىل بولغان ئاتەش، يانغىن ياكى شۇنىڭدىن ھاسىل بولغان چوغ.
مەسلەن: دادام مەشكە ئوت قالىدى. ★ بىز ئوچاق بېشىدا ئوت سۇنۇپ ئولتۇراتتۇق.
② ئۇرۇش-جەڭلەردە قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ ئېتىلغان شىددەتلىك ئوقلار، ھۇجۇم.
مەسلەن: بىز دۈشمەنگە كۈچلۈك ئوت ئاچتۇق.

**مەنىداش سۆزى:** ئاتەش، يانغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سۇ، مۇز.

**ئوتتۇز** (سان) «30» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى ئۈچ يەردىكى ئوننىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 29 دىن چوڭ، 31 دىن كىچىك پۈتۈن سان.

**ئوتۇن** (ئىسىم) مەش، ئوچاق قاتارلىقلاردا ئوت قالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شاخ-شۇمبا، ياغاچ، كۆتەك قاتارلىق نەرسىلەر، يېقىلغۇ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ھەر تۈرلۈك ياغاچلار.
مەسىلەن: ئەسئەت ئوتۇن توشۇسۇن، سەن ئاش ئەت.

**ئوچۇق** (سۈپەت) ① تاقالمىغان، ئېتىلمىگەن؛ يېپىلمىغان.
مەسىلەن: ئىشىك ئوچۇق.
② سۈزۈك، بۇلۇت ياكى تۇماندىن خالىي، بۇلۇتسىز.
مەسىلەن: ئوڭ تەرەپتىكى رەسىمدە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، قۇياش پارلاپ تۇرۇپتۇ.
③ ئېنىق، روشەن، بىر قاراپلا بىلگىلى، چۈشەنگىلى بولىدىغان.
مەسىلەن: ئۇنىڭ خەتلىرى ئوچۇق بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق ئىدى.
**مەنىداش سۆزى:** سۈزۈك، روشەن، ئېنىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تۇتۇق، يېپىق، غۇۋا.

**ئوخشاش** (سۈپەت) ھېچقانداق پەرقى يوق، بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان؛ باراۋەر، تەڭ.

مەسلەن: ئۇلارنىڭ ھەممىسلا ئوخشاش ئىكەن.
**مەنىداش سۆزى:** پەرقسىز، باراۋەر، تەڭ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تەڭسىز، ئېگىز-پەس، چوڭ-كىچىك.

**ئوخشاشلىق** (ئىسىم) نەرسىلەرنىڭ مەلۇم جەھەتلەردىن ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرى، مەلۇم ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى بىردەكلىك، يېقىنلىق.
مەسلەن: «ن، ت» ھەرپلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن قانداق ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى بارلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** ئورتاقلىق، بىردەكلىك، يېقىنلىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پەرق، خاسلىق، ئوخشىماسلىق.

**ئوخشىماسلىق** (ئىسىم) ئوخشىمايدىغان تەرەپ، پەرق.
مەسلەن: يۇقىرىدىكى رەسىمگە قاراپ، بۇ ئىككى قىزنىڭ كىيگەن كىيىملىرىدە قانداق ئوخشىماسلىق بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** پەرق، خاسلىق، ئۆزگىچىلىك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوخشاشلىق، ئورتاقلىق، بىردەكلىك.

**ئورمان** (ئىسىم) غۇژمەك ئۆسكەن دەل-دەرەخلەر ۋە چاتقال ئۆسۈملۈكلەر، دەل-دەرەخ.
مەسلەن: توشقان شۇ يۈرگۈرگىنچە ئورمانغا كىرىپ كېتىپتۇ.

**ئورنىتىش** (پېئىل) بىرەر نەرسىنى بىرەر جايغا ھىم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تورى

چىڭ قىلىپ جايلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش، بېكىتىش.
مەسىلەن: ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان قارلىغاچ ئۇۋىسىنى دەرەخ شېخىغا ئورناتتى.
**مەنىداش سۆزى:** جايلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بۇزۇش، چۇۋۇش.

**ئورنىدىن تۇرۇش** ① سەھەردە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ياتقان جايىدىن تۇرۇش، قوپۇش.
مەسىلەن: ئەسقەر ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيىدە قانداق ئىشلارنى قىلدى؟
② ئولتۇرغان جايىدىن تۇرۇش، ئۆرە بولۇش، تىك تۇرۇش.
مەسىلەن: مۇئەللىم سوئال سورىسا، ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرىش كېرەك.
**مەنىداش سۆزى:** قوپۇش، ئۆرە تۇرۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېتىش، ئولتۇرۇش.

**ئورۇن-كۆرپە** دەم ئالغاندا، ئۇخلىغاندا ئىشلىتىلىدىغان يوتقان، كۆرپە، ياستۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى.
مەسىلەن: ئۇستىدىكى ئۇڭ تەرەپتىكى رەسىمدە ئەكبەر ئورۇن-كۆرپىلىرىنى يىغىۋاتىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** يوتقان-كۆرپە.

**ئوغلاق** (ئىسىم) ئۆچكىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى، ئادەتتە ئۆچكە بالىسى تۇغۇلۇپ بىر يىل ئۆتمىگۈچە ئوغلاق دېيىلىدۇ.
مەسىلەن: قارا ئوغلاق ئاق ئوغلاققا: «ماڭا يول بەر» دەپتۇ.

**ئوقۇش** (پېئىل) ① يېزىلغان نەرسە ياكى يازما تېكىستنى ھەرپلەر ئاساسىدا ئەينەن ئېيتىش.
مەسىلەن: كىتاب ئوقۇش. ★ گېزىت ئوقۇش. ★ ئۇ دوسكىدىكى خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى.
② مەكتەپ قاتارلىق مەخسۇس بىلىم ئۆگىتىدىغان ئورۇنلاردا بىلىم ئېلىش، ئۆگىنىش.
مەسىلەن: ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش. ★ مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارىمەن.

**ئوقۇش قوراللىرى** ئوقۇش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان دەپتەر-قەلەم، كىتاب، سىزغۇچ، سومكا قاتارلىق زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى.
مەسىلەن: باللار، ئوقۇش قوراللىرىڭلارنى ئاسراڭلار، پاكىز ۋە رەتلىك تۇتۇڭلار!

**ئوقۇغۇچى** (ئىسىم) مەكتەپلەردە مۇئەللىمنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگەنگۈچى كىشى.
مەسىلەن: بۇ يىل بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچ ئوقۇغۇچى ئەلاچى بولدى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم.

**ئوك** ① (سۈپەت) گەۋدىنى قاق ئوتتۇرىدىن بۆلگەندە جىگەر جايلاشقان تەرەپتىكى، جىگەر بىلەن بىر تەرەپكە ئورۇنلاشقان.
مەسىلەن: ئوڭ قول. ★ ئوڭ كۆز.
② (ئىسىم) توقۇلما بۇيۇملارنىڭ رەڭگى ئوچۇق ھەم سىلىق يۈزى، ئالدى تەرىپى.
مەسىلەن: ئۇ تېخى رەختنىڭ ئوڭ-تەتۈرىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىكەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

③ (سۈپەت) ئەقىل-ھوشى جايىدا، ئەقىللىق؛ ئىشنىڭ توغرا-خاتاسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ساراڭ ئەمەس.
مەسىلەن: سازاڭنىڭ ئۆڭى يوق، پاشىنىڭ قوڭى يوق (ماقال). ★ ئۇ خېلى ئوڭ بالا بولدى.
④ (سۈپەت) توغرا، مۇۋاپىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئورۇنلۇق.
مەسىلەن: ئالىم بۇ نۆۋەت خېلى ئوڭ گەپ قىلدى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سول، تەتۈر.

**ئوماق** (سۈپەت) چىراي-شەكلى، قىلىق-ھەرىكەتلىرى چىرايلىق ھەم يېقىملىق، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان.
مەسىلەن: مېنىڭ ئىنىم بەك ئوماق.
**مەنىداش سۆزى:** يېقىملىق، سۆيۈملۈك.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سەت، يېقىمسىز.

**ئون** (سان) «10» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى توققۇزغا بىرنى ياكى بەشكە بەشنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان، توققۇزدىن چوڭ، ئونبىردىن كىچىك پۈتۈن سان، ئونلۇق سانلار ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك سان.
مەسىلەن: بىزنىڭ ئۆيدە ئون تۇياق قوي بار.

**ئونلار خانىسى** ماتېماتىكىدا سانلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ سانىغاندىكى ئىككىنچى ئورۇن.
مەسىلەن: 34 نىڭ ئونلار خانىسىدىكى سان 3 بولىدۇ.

**ئون نەچچە** ئونبىردىن ئونتوققۇزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سانلار، يەنى ئوندىن چوڭ، يىگىرمىدىن كىچىك بولغان سانلار.
مەسىلەن: بۈگۈن بىز ئون نەچچىدىن يەتتىنى ئېلىشنى ئۆگەندۇق.

**ئون ئىچىدىكى سانلار** بىردىن ئونغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سانلار.
مەسىلەن: ساۋاقداشلار بىز بۈگۈن ئون ئىچىدىكى سانلار بىلەن تونۇشىمىز، ئاندىن ئۇلارنى قوشۇش ۋە ئېلىشنى ئۆگىنىمىز.

**ئوي-پىكىر** كۆزقاراش، ئىدىيە، مەزمۇن.
مەسىلەن: «چامغۇر يۇلۇش» دېگەن ھېكايىدە قانداق ئوي-پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن؟

**ئويمان** (سۈپەت) بىر تەكشىلىككە نىسبەتەن چوڭقۇر، پەس؛ ئويۇلغان، كولىۋېتىلگەن.
مەسىلەن: ئۇلار بىزنى بىر ئويمان يەرگە چۈشۈرۈپ، شۇ يەردە ئارام ئالدۇردى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** دۆڭ، ئېگىز.

# ئۇ

**ئۇ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 26-ھەرپى.
**ئۇزاق** (سۈپەت) ① ئارىلىقى ئۇزۇن، يىراق.
مەسىلەن: بىز ئۇزاق يەردىن كەلگەن بۇ مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدۇق.
② ۋاقىت جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ ۋاقىت داۋام قىلىدىغان، ۋاقتى ئۇزۇن.

مەسلەن: كۈندە نورمال چىنقىپ تۇرغانلار ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇزۇن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىسقا.

**ئۇزۇن** (سۈپەت) ① بويىغا ياكى توغرىسىغا، ئومۇمەن بىرەر يۆنىلىشكە قاراپ يىراق سوزۇلغان، ئارىلىقى، مۇساپىسى يىراق، ئۇزاق.
مەسلەن: ئۇلار ئۇزۇن يول بېسىپ ئاخىرى كۆل بويىغا كەپتۇ.
② ۋاقىت جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ، داۋاملىشىش دەۋرى ناھايىتى جىق؛ كۆپ ۋاقىت.
مەسلەن: بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن.
**مەنىداش سۆزى:** ئۇزاق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىسقا، كالتە.

**ئۇزىراش** (پېئىل) ئۇزۇنلۇقى، ئارىلىقى ياكى ۋاقتى، دائىرىسى، ھەجمى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەسلىدىكىدىن يوغىناش، كۆپىيىش، كېڭىيىش.
مەسلەن: بۇ يول بارغانسېرى ئۇزىرىۋاتقاندەك ماڭساق-ماڭساق تۈگىمەيتتى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىسقىراش.

**ئۇستا** (سۈپەت) ئىش-ھۈنەرگە ماھىر، ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن ھەم شاگىرت يېتىشتۈرەلەيدىغان سەۋىيىسى بار، ماھىر.
مەسلەن: ئالىمنىڭ دادىسى ئۇستا ياغاچچى.
**مەنىداش سۆزى:** ماھىر.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نائۇستا، چالا ئۇستا؛ شاگىرت.

**ئۇل** (ئىسىم) ① بىنا، تام، توسما قاتارلىقلارنىڭ ئۈستى تەرىپىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تەكتى قىسمى، ئاستى.
مەسىلەن: دادام تامنىڭ ئۇلىنى كولاۋاتاتتى.
② بىرەر نەرسىنىڭ ئاستى قىسمى، تەكتى.
مەسىلەن: نانىنىڭ ئۇلى كۆيۈپ كېتىپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئاساس، تەكتى.

**ئۇلۇغ** (سۈپەت) ① (سۈپەت) ئېقىش ياكى كېڭىيىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز، شىددەتلىك، كۈچلۈك.
مەسىلەن: ئۇلۇغ دەريا. ★ ئۇلۇغ ئوت.
② ھۆرمەتكە سازاۋەر، ھەممىدىن يۈكسەك؛ ھەممە جەھەتتىن يۇقىرى، قۇدرەتلىك، مەشھۇر.
مەسىلەن: ئۇلۇغ ئادەم. ★ ئۇلۇغ شائىر.
③ چوڭ، كاتتا، تەنتەنىلىك.
مەسىلەن: ئۇلۇغ ھېيت كۈنلىرى ھاراق ئىچىپ يۈرسە بولمايدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** بۈيۈك، چوڭ، مەشھۇر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پەس، كىچىك.

**ئۇۋا** (ئىسىم) بەزى ياۋايى ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇشى، ئارام ئېلىشى ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشى ئۈچۈن مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ياسىغان جايى.
مەسىلەن: بىزنىڭ باغدا قۇشقاچ ئۇۋىسى بار. ★ بىز ئېتىزدىكى چاشقان ئۇۋىسىنى بۇزۇۋەتتۇق. ★ سەمەت چۈمۈلە ئۇۋىسىغا سۇ قويۇۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېيكى ئادرېسى

# ئۆ

**ئۆ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 27-ھەرپى.

**ئۆت** (ئىسىم) جانلىقلار بەدىنىدىكى ئىچكى ئەزالارنىڭ بىرى، يەنى ئۆت سۇيۇقلۇقى ساقلىنىدىغان خالتىغا ئوخشاش بىر ئەزا. ئۇ جىگەرنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆت يولى ئارقىلىق جىگەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

**ئۆتۈش** (پېئىل) ① بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش، يېتىپ بېرىش.
مەسىلەن: ئۇلار قانداق قىلغاندا كۆۋرۈكتىن تەك ئۆتەلەيدۇ؟
② مەلۇم دەرىجىگە، ئۆلچەمگە يېتىش، بەلگىلەنگەن چەككە توشۇش ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش.
مەسىلەن: مەن ماتېماتىكا ئىمتىھانىدىن ئۆتتۈم.

**ئۆتنە ئېلىنىدىغان ئېلىش** كۆپ خانىلىق چوڭ ساندىن بىر ياكى كۆپ خانىلىق كىچىك ساننى ئالغاندا ئېلىنغۇچى ساننىڭ مەلۇم خانىسىدىكى بىر سان ئالغۇچى ساننىڭ ئوخشاش خانىسىدىكى ساندىن كىچىك بولۇپ قالسا، ئېلىنغۇچى شۇ ساننىڭ ئالدىدىكى خانىدىن بىر سان ئۆتنە ئېلىنىپ ئېلىنغۇچى ساننىڭ شۇ خانىسى چوڭايتىلىدۇ-دە، ئۇنىڭدىن ئالغۇچى خانىدىكى سان ئېلىنىدۇ. مانا بۇ ئۆتنە ئېلىنىدىغان ئېلىش بولىدۇ.
مەسىلەن: 21 دىن 13 نى ئالماقچى بولساق، 21 نىڭ بىرلەر خانىسىدىكى 1، 13 نىڭ بىرلەر خانىسىدىكى 3 دىن كىچىك بولغاچقا، 21 نىڭ ئونلار خانىسىدىكى 2 دىن بىرسى (بۇ ئەمەلىيەتتە بىرلەر

خانىسىدىكى 10 غا تەڭ بولىدۇ) ئۆتنە ئېلىنىدۇ، بۇ چاغدا 1 چوڭىيىپ 11 گە ئايلىنىدۇ-دە، 11 دىن 3 نى ئالساق 8 قالىدۇ، ئەمدى 21 نىڭ ئونلار خانىسىدا پەقەت 1 يەنى 10 غا تەڭ بىرلىك قالىدۇ. ئۇنىڭدىن 13 نىڭ ئونلار خانىسىدىكى 1 نى ئالساق 0 قالىدۇ. دېمەك، نەتىجە 8 بولىدۇ. يەنى 8=13—21.

**ئۆركەش** (ئىسىم) ① تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە چوقچىيىپ تۇرغان ئۆسمە، لوككا، ئۇ بىر ياكى ئىككىلا بولىدۇ، تەركىبى ياغ قاتلىمىدىن ئىبارەت.
مەسىلەن: بوتىلاق نېمە ئۇچۇن ئۆركەش سىزىپ قويىدى؟
② دەريا، دېڭىز سۇلىرىنىڭ داۋالغۇپ كۆتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان دولقۇن، سۇنىڭ چايقىلىپ كۆتۈرۈلگەن قىسمى.
مەسىلەن: مەن ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قارىدىم.
**مەنىداش سۆزى:** لوككا؛ دولقۇن.

**ئۆرلەش** (پېئىل) يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، ئالغا بېسىش، ئۆسۈش؛ يۇكسىلىش، راۋاجلىنىش، تەرەققىي قىلىش.
مەسىلەن: ئىككىنچىگە كۆچتۇمەن، / رەھمەت سىزگە مۇئەللىم./
كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەيمەن، / تىرىشىپ ئوقۇپ دائىم.
**مەنىداش سۆزى:** كۆتۈرۈلۈش، يۇكسىلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چۈشۈش، تۆۋەنلەش، پەسىيىش.

**ئۆزئارا** (رەۋىش) بىر بىرى بىلەن.
مەسىلەن: ئۇلارنىڭ تېزلىكنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇۋاتقانلار.

**ئۆگىنىش** (پېئىل) بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىۋېلىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەشىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش؛ تەتقىق قىلىش.
مەسىلەن: ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش كېرەك.

**ئۆم** (سۈپەت) بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، توپلىشىپ بىرگە ياشايدىغان، ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەيدىغان، ئىناق، جەم، ئىتتىپاق.
مەسىلەن: ئۇلار ناھايىتى ئۆم ياشايدىكەن.
**مەنىداش سۆزى:** ئىتتىپاق، ئىناق، جەم.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تارقاق، چېچىلاڭغۇ.

**ئۆمۈر (ئۆمرى)** (ئىسىم) تۇغۇلغان، تۆرەلگەندىن باشلاپ تاكى ئۆلگۈچە، يوقالغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھايات مۇساپىسى، ياشاش جەريانى.
مەسىلەن: ھەر كۈنى چېنىقساق، بەدىنىمىز ساغلام بولۇپ ئۆمرىمىز ئۇزىرايدۇ.

**ئۆي ھايۋانلىرى** ئۆيدە بېقىشقا كۆندۈرۈلگەن، ئۆيدە بېقىلىدىغان قوي، كالا، ئات، ئېشەك، توشقان قاتارلىق ھايۋانلار.
مەسىلەن: بىز بۈگۈنكى دەرستە ئاساسلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى بىلىۋالدۇق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ياۋايى ھايۋانلار.

# ئۈ

**ئۈ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 28-ھەرپى.

**ئۈچ** (سان) «3» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان،

يەنى ئىككىگە بىرنى قوشقاندا ھاسىل بولىدىغان، ئىككىدىن چوڭ، تۆتتىن كىچىك بولغان پۈتۈن سان.
مەسىلەن: ئۈچ دانە ئالما.

**ئۇچكە** (ئىسىم) ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىق مېغىزى بار مېۋىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچىدىن مېغىز چىقىدىغان قاتتىق شاكال قىسمى. ئادەتتە كۆپىنچە ئۆرۈكنىڭ ئۇچكىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
مەسىلەن: ئۇچكىنى چىش بىلەن چاقماسلىق كېرەك، بولمىسا ئاسان چىش بوشاپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

**ئۈزۈك تاۋۇش** تەلەپپۇز قىلغاندا ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا مەلۇم توسالغۇغا ئۇچراپ، ئۈزۈلۈپ ھەم ئۇنسىز رەڭ چىقىدىغان تاۋۇشلار.
مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا «ب، پ، ت، ج، چ، خ، د، ر، ز، ژ، س، ش، غ، ف، ق، ك، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي» دىن ئىبارەت 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار.

**ئۇسۇشۇش** (پېئىل) بېشى ياكى مۈڭگۈزلىرىنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇش، بېشى ياكى مۈڭگۈزى بىلەن سوقۇشۇش؛ باش سوقۇشتۇرۇش، كاللا سوقۇشتۇرۇش.
مەسىلەن: ئىككى ئوغلاق بىر-بىرىگە يول بەرمەي ئۇسۇشۇپتۇ.

**ئۈلگە** (ئىسىم) ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ياكى نەرسە، نەمۇنە.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: ئالىم بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز.
② تاللانغان نۇسخا، ئەۋرىشكە، ئەندىزە.
مەسىلەن: «ئۈ» ھەرپىنى تۆۋەندىكى ئۈلگە بويىچە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** ئۆرنەك، نەمۇنە.

**ئۈمىد** (ئىسىم) بىرەر ئىش توغرىسىدىكى ئارزۇ-ئىستەك، نىيەت-مەقسەت.
مەسىلەن: بىز خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىز.
**مەنىداش سۆزى:** ئارزۇ، ئىستەك؛ نىيەت، مەقسەت.

**ئۈنلۈك** (رەۋىش) ئاۋازىنى يۇقىرى چىقىرىپ، يۇقىرى ئاۋازدا، ئۈنىنى چىقىرىپ.
مەسىلەن: تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇپ چىقىڭلار. ★ ئۈنلۈك ئوقۇش سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.
**مەنىداش سۆزى:** ئاۋازلىق، ياڭراق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۈنسىز؛ پەس، ئىچىدە.

## ۋ

**ۋ** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 29-ھەرپى.
**ۋادى** (ئىسىم) ① تارماقلىرى كۆپ دەريا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سۇ ئېقىنلىرىنىڭ سۇيى ئېقىپ ئۆتىدىغان پۈتۈن دائىرە.
مەسىلەن: بىز تارىم ۋادىسىنى بويلاپ ئۇزۇن يول يۈردۇق.
② ئومۇمەن دەل-دەرەخلەر ئۆسىدىغان، زىرائەت تېرىپ ھايات

كەچۇرۇشكە بولىدىغان كەڭ كەتكەن تۇزلەڭلىك، زېمىن، دىيار.
مەسىلەن: تۇرپان — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گۇزەل ۋادىلىرىدىن بىرى.

**ۋارىسلىق قىلىش** ئورنىنى بېسىش، ئىزىدىن مېڭىش؛ ئۇزۇپ قويماي داۋاملاشتۇرۇش.
مەسىلەن: بىز قەھرىمان بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق كەلگۇسىنى يارىتىمىز.

**ۋاسكېتبول** (ئىسىم) ① توپ تۇرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا توپنى گارغا ئېتىپ، گار ئۇستىدىكى تۆمۈر چەمبىرەككە كىرگۇزۇپ نومۇر ئالىدۇ. كۆپ نومۇرغا ئېرىشكەنلەر غەلىبە قىلغان بولىدۇ.
مەسىلەن: ئەزەلدىن توپ كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى بولۇۋاتقان مەيدانغا كىرىپ قاپتۇ.
② ۋاسكېتبول تەنھەرىكىتىدە ئوينىلىدىغان، تېشى خۇرۇم، كامېرى رېزىنكىدىن ياكى پۇتۇنلەيلا رېزىنكىدىن ياسالغان توپ.
مەسىلەن: مەن بۇگۇن بازاردىن يېڭى ۋاسكېتبول ئالدىم.

**ۋاقىت** (ئىسىم) ① ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان، كەلگۇسى زاماندىن تەركىب تاپقان، ئۇزۇلمەي داۋاملىشىدىغان بىر چەكسىزلىك.
② ئىش-ھەرىكەتنىڭ داۋام قىلىش مۇددىتى، مەزگىلى.
مەسىلەن: تاپشۇرۇقنى قانچىلىك ۋاقىتتا ئىشلەپ بولسەن؟
③ يىل، ئاي، كۇن قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بىر پەيتى، ئايرىم بىر مەزگىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن ئادرېسى

مەسىلەن: ياز ۋاقتى. ★ كەچ ۋاقتى. ★ تاماق ۋاقتى.
④ پۇرسەت، پەيت.
مەسىلەن: بۇ ئىشقا مېنىڭ ۋاقتىم يوق.
**مەنىداش سۆزى:** چاغ، پۇرسەت، پەيت.

**ۋەتەن** (ئىسىم) ① ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى ئۆزىنى ئۇنىڭ پۇقراسى دەپ ھېسابلىغان دۆلەت، ئۆز مەملىكىتى، ئۆز دۆلىتى.
مەسىلەن: بىز ۋەتەن ئۈچۈن ئوقۇيمىز.
② ئۆزى تۇغۇلغان، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي، يۇرت، ئۆز يۇرتى.
مەسىلەن: ۋەتىنىم ئاقسۇ. ★ ۋەتىنىم قەشقەر.
**مەنىداش سۆزى:** دۆلەت، ئەل.

**ۋەدە** (ئىسىم) بىرەر ئىشنى قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىلدۈرۈلگەن ئىرادە، ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىقىرىلغان قارار، دېيىلگەن قەتئىي سۆز.
مەسىلەن: مەن دادامغا «مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇيمەن» دەپ ۋەدە بەردىم.
**مەنىداش سۆزى:** لەۋز، ئەھدە؛ ئىرادە، نىيەت.

# ئې

**ئې** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 30-ھەرپى.
**ئېغىزچە** (سۈپەت) قەغەزگە يازماي تۇرۇپ دېيىلگەن، ئېيتىلغان ياكى ھېسابلاپ چىقىرىلغان، كۆڭۈلدە ئويلاپلا ئېغىز بىلەن دەرھال بايان قىلىنغان، ئاغزاكى.

مەسىلەن: ئېغىزچە دوكلات. ★ ئېغىزچە جاۋاب. ★ 7-19 نى ئېغىزچە ھېسابلاپ بېقىڭلار، قېنى كىم تېز ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

**ئېكسكۇرسىيە** (ئىسىم) خاتىرە ساراي، كۆرگەزمە، نەمۇنىلىك جايلار ياكى گۈزەل يەرلەرنى كۆپچىلىك تەشكىللىك ھالدا بېرىپ كۆرۈش پائالىيىتى، سەيلە-ساياھەت، زىيارەت.
مەسىلەن: ھەر يىلى بۇ يەرگە نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك مېھمانلار كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ تۇرىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** زىيارەت، سەيلە، ساياھەت.

**ئېگىز** (سۈپەت) ① بويى، تىك يۆنەلگەن ھالىتى ئۇزۇن، تىكلىكى نورمال ھالەتتىن يۇقىرى.
مەسىلەن: ئالىم ھەممىزدىن ئېگىز. ★ شەھەردە ئېگىز بىنالار بەك كۆپ ئىكەن.
② مەلۇم بىر تەكشىلىككە نىسبەتەن ئورنى دۆڭ، يۇقىرى، ئۈستۈن.
مەسىلەن: بىز ئېگىز يەردە تۇرۇپ، يىراققا قارىدۇق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** پاكار، پەس، تۆۋەن.

**ئېلىپبە** (ئىسىم) ① بىر تىلدىكى ھەرپلەرنىڭ تەرتىپ بويىچە رەتلىك تىزىلغان يىغىندىسى، ھەرپلەر توپى.
مەسىلەن: ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە 32 ھەرپ بار.
② خەت ساۋاتى يوق بالىلارغا ياكى چوڭلارغا خەت تونۇشنى، يېزىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتاب، ساۋات چىقىرىش كىتابى.
مەسىلەن: پاتەم، مانا ئېلىپبە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**ئېلىش** ① (پېئىل) بىرەر نەرسىنى قولىغا كىرگۈزۈش، تېرىپ ياكى تۇتۇپ سىقىمىغا كىرگۈزۈش.
مەسىلەن: مۇئەللىم بەرگەن نەرسىنى ئېلىش كېرەك.
② (پېئىل) ماتېماتىكىدا ئېلىنغۇچى ساندىن ئالغۇچى سانغا تەڭ سانىنى چىقىرىۋېتىش، كېمەيتىش.
مەسىلەن: مەن 15 تىن 7 نى ئېلىشنى بىلىمەن.
③ (ئىسىم) ھېساب ياكى ماتېماتىكىدىكى بىر ساندىن يەنە بىر سانىنى چىقىرىۋېتىشنى بىلدۈرىدىغان قىسقا سىزىقچە بەلگە. يەنى «-» بەلگىسى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قوشۇش.

**ئېلېكترلىشىش** (پېئىل) ① توك بار ھالەتكە كېلىش، توك بىلەن تەمىنلىنەلەيدىغان بولۇش.
مەسىلەن: ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ كەنتىمىز ئېلېكترلەشتى.
② توك، ماي قاتارلىقلار بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان زامانىۋى ئۈسكۈنە-ئەسۋابلار بىلەن ئىش قىلىدىغان ھالەتكە كېلىش، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە بولۇش.
مەسىلەن: بۇ يىل يېزىمىزدا دېھقانچىلىق پۈتۈنلەي ئېلېكترلەشتى.
**مەنىداش سۆزى:** توكلىشىش.

**ئېنىق** (سۈپەت) بىلگىلى ياكى كۆرگىلى بولىدىغان، ئوچۇق، ئاشكارا، روشەن؛ توغرا، خاتاسىز، نەق، دەل.
مەسىلەن: بۇ يەردە ئادەم بارلىقى ئېنىق. ★ ئۇ خەتنى ئېنىق يازىدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئوچۇق، روشەن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نائېنىق، مەۋھۇم، تۇتۇق، غۇۋا.

**ئېيتىپ بېرىش** دەپ بېرىش، سۆزلەپ ياكى بايان قىلىپ بېرىش.
مەسىلەن: رەسىمگە قاراپ قەيەردە، كىملەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** دەپ بېرىش، سۆزلەپ بېرىش، بايان قىلىش.

# ئى

**ئى** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 31-ھەرپى.
**ئىپادە** (ئىسىم) ① كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئوي-پىكىر، ھېس-تۇيغۇ، مەقسەت-ئىرادە قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرگەن كۆرۈنۈش، بەلگە ياكى ھالەت.
مەسىلەن: بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولدى.
② ماتېماتىكىدا ماتېماتىكىلىق مىسال ياكى مەسىلىلەردىكى سان-مىقدارلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت، فورمۇلا.
مەسىلەن: ھېسابلاش ئىپادىسىگە قاراپ، ئاۋۋال تاياقلارنى تىزىپ، ئاندىن نەتىجىسىنى ئېيتىڭ.
**مەنىداش سۆزى:** پوزىتسىيە؛ ئەمەل.

**ئىپادىلىنىش** (پېئىل) مەلۇم بىر شەكىل ياكى ۋاستە بىلەن بىلدۈرۈلۈش، بايان قىلىنىش، ئەكس ئەتتۈرۈلۈش، كۆرسىتىلىش.
مەسىلەن: يۇقىرىقى رەسىمدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى بايان قىلىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** ئەكس ئېتىش، تەسۋىرلىنىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئىتتىپاق (ئىتتىپاقى)** ① (سۈپەت) ئۆزئارا ئىناق، ئۆم، يېقىن، مۇناسىۋىتى قويۇق.
مەسىلەن: بىز ھەممىمىز ئىتتىپاق ئۆتىمىز، ھەرگىز ئۇرۇشمايمىز.
② (ئىسىم) ئوخشاش مەقسەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللەنگەن ئۇيۇشما، بىرلەشمە.
مەسىلەن: ئاكام بۇ يىل كومۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئۆم، ئىناق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چېچىلاڭغۇ، چۇۋۇلچاق.

**ئىتتىپاقلىق كۈچ** «ئۆزئارا ئىناق بولۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ھەمكارلاشسا، كۈچ زورىيىپ ھەرقانداق قىيىن ئىشنى تۈگەتكىلى، ھەرقانداق دۈشمەننى يەڭگىلى بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى سۆز.
مەسىلەن: ساۋاقداشلار، ئىتتىپاقلىق كۈچ، بىز ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتىنىنىڭ پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلايلى.

**ئىزا تارتىش** نومۇس، ئۇيات ھېس قىلىش، خىجىل بولۇش، ئۇيىلىش.
مەسىلەن: ئالىم زادىلا ئىزا تارتىشنى بىلمەيدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** خىجىل بولۇش، ئۇيىلىش؛ تارتىنىش، ئەيمىنىش.
**مەنىداش سۆزى:** قېلىنلىق قىلىش، بىزەڭلىك قىلىش.

**ئىسسىق** ① (سۈپەت) ھاۋاسى، تەبىئىتى ئىللىق، تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، قىزىق.

مەسلەن: توپ-توپ قۇشلار ئىسسىق ياقلاردىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى.
② (سۈپەت) يېقىملىق، ئىللىق، مۇلايىم، كىشىنى خۇش قىلىدىغان.
مەسلەن: مۇئەللىم مىنى ئىسسىق چىراي كۈتۈۋالدى.
③ (ئىسىم) نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئوت ئېلىپ يېنىشىدىن ھاسىل بولغان ھارارەت، قىزىقلىق.
مەسلەن: گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىسسىقى بىزگە تازا خۇش ياقتى.
**مەنىداش سۆزى:** قىزىق، ئىللىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سوغۇق، مۇز.

**ئىسسىق چىراي** كىشىگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان، چىرايىدىن خۇشخۇيلۇق، تەبەسسۇم چىقىپ تۇرىدىغان، قىزغىن، خۇشخۇي، يېقىملىق.
مەسلەن: رىزۋانگۈل ئىسسىق چىراي بالا بولدى.
**مەنىداش سۆزى:** خۇشخۇي، يېقىملىق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** مۇز چىراي، سوغۇق چىراي، سۆرۈن تەلەت.

**ئىسىم-فامىلە** ئۆزىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ تولۇق ئىسمى.
مەسلەن: رۇخسەت سوراش خېتىنىڭ ئاخىرىغا رۇخسەت سورىغۇچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئاي، كۈنلەر تولۇق يېزىلىشى لازىم.

**ئىشچان** (سۈپەت) ئىشنى بېرىلىپ ئىشلەيدىغان، ئىشلەشنى، ئەمگەكنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمگەك قىلىپ ھارمايدىغان، ئەمگەكچان.
مەسلەن: چىمەن ئىشچان قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنداش سۆزى: غەيرەتلىك، ئەمگەكچان، تىرىشچان.
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى: ھورۇن، بوشاڭ، ئىزىلەڭگۈ، يالقاۋ.

**ئىشچى** (ئىسىم) زاۋۇت، كان، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان، كۆپرەك جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچى.
مەسىلەن: ئىشچى تاغىلار دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

**ئىشلەش** (پېئىل) ① ئەمگەك، خىزمەت، ۋەزىپە ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىش، مەشغۇل بولۇش، بېجىرىش.
مەسىلەن: خىزمەتلەرنى چوقۇم ياخشى ئىشلەش كېرەك.
② تۈرلۈك نەرسىلەرنى ياساش، بارلىققا كەلتۈرۈش، تەييارلاش.
مەسىلەن: قەغەز ئىشلەش. ★ كىنو ئىشلەش.
③ ماتېماتىكىدا بېرىلگەن مىسال ياكى مەسىلىلەرنى يېشىپ چىقىرىش، نەتىجىسىنى تېپىش، يېشىش.
مەسىلەن: ئىشلەپ بېقىڭ: ?=7+8 .

**ئىككى** (سان) «2» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى بىرگە بىرنى قوشقاندا ھاسىل بولىدىغان سان.
مەسىلەن: ئىككى توشقان.

**ئىككى خانىلىق سان** يەككە ئىككى ساننىڭ بىرلىشىشىدىن

هاسىل بولغان سان، يەنى 10 دىن 99 غىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سانلار.
مەسلەن: مەن هازىر ئىككى خانىلىق ساندىن بىر خانىلىق سانلارنى ئېلىشنى بىلىمەن.

**ئىلمىي** (سۈپەت) ئىلىم-پەن بىلىملىرىگە ئاساسلانغان، ئىلىم-پەنگە ئۇيغۇن بولغان.
مەسلەن: بىز ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە زور ئىلمىي نەتىجىلەرنى يارىتىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** پەننىي.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** خۇراپىي.

**ئىناق** (سۈپەت) ئۆزئارا چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنۈشۈپ يېقىن ئۆتىدىغان، ئائىلىسى قويۇق، ئىتتىپاق، ئۈم، يېقىن.
مەسلەن: بىز ئېلگىرى ئىناق دوستلاردىن ئىدۇق.
**مەنىداش سۆزى:** ئامراق، ئىتتىپاق، ئۈم، يېقىن.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يىرىك، زىت.

**ئىنچىكە** (سۈپەت) ① توغرىسى، ئايلانمىسى كىچىك، توم ئەمەس.
مەسلەن: ئىنچىكە ياغاچ. ★ ئىنچىكە يىپ.
② تەپسىلىي، ناهايىتى ئەستايىدىل، بىرمۇبىر.
مەسلەن: رەسمنى ئىنچىكە كۆزىتىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** قىلدەك؛ تەپسىلىي، بىرمۇبىر.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** توم، يوغان؛ يۈزە.

www.uyghurkitap.com

**ئىنچىكىلىك بىلەن** ئالدىرىماستىن، ئەستايىدىللىق بىلەن، دىققەت بىلەن، تەپسىلىي ھالدا.
مەسىلەن: رەسىملەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭلار.

**ئىيۇن** (ئىسىم) 6-ئاي.
مەسىلەن: «1-ئىيۇن» 6-ئاينىڭ 1-كۈنىنى كۆرسىتىدۇ.

# ي

**ي** ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 32-ھەرپى.

**ياخشى** (سۈپەت) ناھايىتى ئوبدان، دەل جايىدا، مۇۋاپىق ھەم توغرا، دۇرۇس.
مەسىلەن: ياڭقۇن ئەدەبىياتتىن بەرگەن تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلىدى.
**مەنىداش سۆزى:** ئوبدان، بەلەن، ئېسىل، دۇرۇس.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئەسكى، ناچار، ئوسال، يامان.

**ياخشىمۇ سىز** باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئەھۋال سوراپ ئېيتىلىدىغان سالاملىشىش سۆزى. «ياخشى تۇرۇۋاتامسىز» دېگەن مەنىدە.
مەسىلەن: ئەخلاقلىق باللار باشقىلارنى كۆرگەندە ئالدى بىلەن «ياخشىمۇ سىز»، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ. ★ ياخشىمۇ سىز، مۇئەللىم!
**مەنىداش سۆزى:** ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سالامۇئەلەيكۇم، تىنچلىقمۇ.

**يادقا يېزىش** ئەستە قالدۇرغىنى بويىچە يېزىش، يادلىۋالغىنى

بويىچە ئۆزى مۇستەقىل يېزىش.
مەسىلەن: 32 ھەرپنى رەتلىك، چىرايلىق قىلىپ يادقا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

**يادلاش** (پېئىل) پۇختا ئۆگىنىپ ياكى قايتا-قايتا ئوقۇپ يادقا ئېلىش، ئېسىدە قالدۇرۇش.
مەسىلەن: قوشاقنى يادلىۋېلىڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

**ياردەم** (ئىسىم) ئىش-ئەمگەك، ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە ھەمكارلىشىپ، قارىشىپ بېرىپ يەتكۈزۈلگەن مەنپەئەت، پايدا، نەپ ياكى بېرىلگەن ماددىي نەرسە، ماددىي ياكى ئەقلىي جەھەتتىكى يار-يۆلەك، كۆرسەتكەن ئەقىل.
مەسىلەن: يالقۇنغا كىمنىڭ بەرگەن ياردىمى توغرا بولدى؟ نېمە ئۈچۈن؟

**ياردەملىشىش** (پېئىل) بىرگە تۇرۇپ ئىشلىشىپ ياكى قارىشىپ بېرىش، ھەمدەمدە بولۇش، ياردەم قىلىش.
مەسىلەن: دادام ئۆي ياسىدى، مەن ياردەملەشتىم.
**مەنداش سۆزى:** قارىشىش، ھەمدەملىشىش، ھەمكارلىشىش.

**ياز** (ئىسىم) ئەتىياز بىلەن كۈزنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىسسىق پەسىل. ئاساسەن 5-ئاينىڭ 5-كۈنلىرى باشلىنىپ 8-ئاينىڭ 6-كۈنلىرى ئەتراپىدا ئاخىرلىشىدۇ.
مەسىلەن: ياز كەلدى.
**مەنداش سۆزى:** تومۇز.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قىش.

**يازمىچە** (رەۋىش) يېزىش ئۇسۇلى بويىچە، يېزىش بىلەن.
مەسىلەن: بۇنى تىك شەكىل بويىچە يېزىپ، يازمىچە ھېسابلىساقمۇ بولىدۇ.

**ياساش** (پېئىل) ① قۇراشتۇرۇپ چىقىش، بار قىلىش، پەيدا قىلىش، مەيدانغا كەلتۈرۈش.
مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلار نىمە ياساۋاتىدۇ؟
② بۇزۇلغان نەرسىلەرنى ئوڭشاش، تۈزەش، ساق ھالەتكە كەلتۈرۈش.
مەسىلەن: مەن ماشىنامنى ياسىيالايمەن.
**مەنىداش سۆزى:** ئوڭشاش، تۈزەش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** بۇزۇش، چۇۋۇش.

**ياش** I ① (سۈپەت) ياشاش دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارمىغان، قېرىمىغان.
مەسىلەن: بىزگە بىر ياش مۇئەللىم ماتېماتىكا بېرىدۇ.
② (ئىسىم) 15 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان قىز-يىگىتلەر.
مەسىلەن: بىز ياخشى ئۆگىنىپ ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان ياشلاردىن بولىمىز.
**مەنىداش سۆزى:** قىران.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قېرى، چال.

**ياش** II (ئىسىم) غەم-قايغۇ، غەزەپ ياكى خۇشاللىق قاتارلىق ھېسسىياتلار تەسىرىدە كۆزدىن چىققان سۇيۇقلۇق.
مەسىلەن: ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولدى.

**ياش** Ⅲ (ئىسىم) تۇغۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھايات كەچۈرگەن يىللارنىڭ سانى، ئۆمۈر مۇساپىسى.
مەسىلەن: سەن بۇ يىل قانچە ياش؟

**ياشاش** (پېئىل) ھايات كەچۈرۈش، تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش، تىرىك ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش؛ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش، راھەتلىنىش، دەۋران سۈرۈش.
مەسىلەن: بىز ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلگەن. ★ — بىز دېگەن مۇشۇنداق ئويناپ ياشايمىز، — دېدى ئالىم كۆرەڭلەپ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆلۈش، يوقىلىش.

**ياشىرىش** (پېئىل) ① ياش ھالەتكە كېلىش، شوخ ۋە چىرايلىق بولۇپ كېتىش.
مەسىلەن: دادامنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، تېخىمۇ ياشىرىپ كەتتى.
② كۆكىرىش، ياشناش، كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەللىشىش.
مەسىلەن: يامغۇر ياغدى، تاغلار ياپيېشىل ياشىرىپ كەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** تېتىكلىشىش؛ كۆكىرىش، ياشناش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قېرىش؛ سولىشىش.

**يالاڭ** (سۈپەت) ① ئەستەرلەنمىگەن ياكى ئەستىرىگە پاختا ئېلىنمىغان، ئەستىرى نېپىز، يۇپقا.
مەسىلەن: دادام يالاڭ چاپىنىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى.
② بىرلا، تاق، يالغۇز.
مەسىلەن: يالاڭ تىرناق ئېچىڭلار.
**مەنىداش سۆزى:** تاق، يەككە.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قوش، جۈپ.

**يالتىراق** ① (سۈپەت) پارقىراپ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان، نۇر چىقىرىدىغان، پارقىراق.
مەسىلەن: ئۇ يالتىراق زەر تۇتۇلغان رەختتىن چاپان كىيىپتۇ.
② (ئىسىم) جوزا-ئۈستەللەرنىڭ ئۈستىگە سالىدىغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ بۇيۇم. ئومۇمەن سۇلياۋ ياكى سۇلياۋدىن ئىشلەنگەن نېپىز بۇيۇملار.
مەسىلەن: يالتىراق خالتا.

**مەنىداش سۆزى:** پارقىراق؛ سۇلياۋ.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** نۇرسىز، خۇنۇك.

**يامغۇر** (ئىسىم) بۇلۇتتىن چۈشكەن سۇ تامچىسى. بۇلۇتتىكى سۇ تامچىلىرى يىغىلىپ ھاۋادا لەيلەپ يۈرەلەيدىغان ھالەتكە كەلگەندە، يامغۇر بولۇپ يەرگە چۈشىدۇ.
مەسىلەن: ئۇنىڭ تەرەپ تۆۋەندىكى سۈرەتتە قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان ھاۋا رايى ئىپادىلەنگەن.

**يامۇل** (ئىسىم) ① 1920-يىللىرىدىكى، يەنى بۇنىڭدىن 80 يىل ئىلگىرىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى خىزمەت قىلىدىغان قورۇ، ئىدارە.
② شۇ چاغلاردىكى ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچىدىكى گۇناھكارلارنى قامايدىغان ئۆي، تۈرمە.
مەسىلەن: يامۇلدا تولا يېتىپ، / چېچىپ بىر قۇچاق بولدى. /
يامۇلنى تېشەر چاغدا، / قوۋۇرغا پىچاق بولدى.

**يانجىش** (پېئىل) ① ئېزىپ مىجىش، ئۇۋاق ياكى نېپىز ياپىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈش، ئېزىش، مىجىش، ئۇۋاش.
مەسىلەن: ئۇ بىر مۇشت بىلەنلا دۈشمەننىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلىدى.
② يوقىتىش، قايتا باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش.
مەسىلەن: بىر، ئىككى، ئۈچ، / ئىتتىپاقلىق كۈچ. / چەيلەپ يانجىيمىز، / دۈشمەن كەلسە دۈچ.
**مەنىداش سۆزى:** ئېزىش، مىجىش.

**ياۋايى ھايۋانلار** ئۆيدە بېقىشقا كۆندۈرۈلمىگەن، تاغ-ئورمانلىقلاردا، چۆل-ئېدىرلاردا ياشايدىغان يولۋاس، شىر، بۆرە، ياۋا ئاتقا ئوخشاش ھايۋانلار.
مەسىلەن: بىز بۈگۈن «ياۋايى ھايۋانلار» دېگەن دەرسنى ئۆگەندۇق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** ئۆي ھايۋانلىرى.

**يايلاق** (ئىسىم) ئوت-چۆپلەر ئۆسكەن، چارۋىلار ئوتلايدىغان يەر، مال بېقىلىدىغان مەيدان.
مەسىلەن: قويلار يايلاقتا ئەركىن ئوتلاپ يۈرەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** ئوتلاق، يايلو.

**يەتتە** (سان) «7» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى ئالتىگە بىرنى ياكى ئۈچكە تۆتنى قوشۇشتىن ھاسىل بولغان، ئالتىدىن چوڭ، سەككىزدىن كىچىك پۈتۈن سان.
مەسىلەن: يەتتە دانە ئىستاكان.

**يەتمىش** (سان) «70» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى يەتتە يەردىكى ئوننىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولغان، 69 دىن چوڭ، 71 دىن كىچىك پۈتۈن سان.

**يەر شارى** قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن 3-پلانېتا، يەنى بىز ھايات كەچۈرۈۋاتقان مۇشۇ دۇنيانىڭ ھەممىسى. يۇمىلاق شار شەكلىدە بولۇپ، سەل ياپىلاق. قۇياشنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز ئوقى ئەتراپىدىمۇ ئايلىنىدۇ. بىر كېچە-كۈندۈزدە ئۆز ئوقىدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئەتراپىنى ھاۋا ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ئورمانلىقلار بار، ئىنسانىيەت، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆپىيىپ ھايات كەچۈرىدۇ.

**يەشىك** (ئىسىم) نەرسىلەرنى سېلىش، ساقلاش ئۈچۈن ياغاچ ياكى قاتۇرما قەغەزدىن ياسالغان تۆت بۇرجەك بۇيۇم، ساندۇق.

مەسىلەن: بىز ئالمىلارنى يەشىككە قاچىلىدۇق.

**يورۇق** (سۈپەت) كۆن نۇرى، يەنى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان، قاراڭغۇ ئەمەس، ئومۇمەن نۇر تەسىرىدىن ناھايىتى ئوچۇق يورۇپ تۇرىدىغان.

مەسىلەن: بىز يورۇق سىنىپلاردا ئازادە ئولتۇرۇپ ئوقۇيمىز.

**مەنىداش سۆزى:** نۇرلۇق، ئوچۇق.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قاراڭغۇ، نۇرسىز، غۇۋا، تۇتۇق.

**يوغان** (سۈپەت) ① ئورنى ياكى ھەجمى چوڭ، زور ۋە

ياكى ئايلانمىسى، توغرىسى بەك توم، ئومۇمەن مەلۇم نورماللىقتىن چوڭ، زور.

مەسىلەن: يوغان تاش. ★ يوغان كۆتەك. ★ يوغان ئادەم.

② ئەمەلىيەتتىن كۆپتۈرۈلگەن، پو، لاپ.

مەسىلەن: ئالىم ھەمىشە يوغان گەپ قىلىپ كۈلكىگە قالايتتى.

③ بوم، توم.

مەسىلەن: ئۇ چوڭ ئادەملەردەك يوغان ئاۋازدا سۆزلەيدۇ.

**مەنىداش سۆزى:** چوڭ، زور؛ پو، لاپ؛ بوم، توم.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كىچىك؛ ئىنچىكە.

**يول بېرىش** ① يولنى بوشىتىپ بېرىش، يولنى بىكارلاپ ئۆتكىلى قويۇش.

مەسىلەن: قارا ئوغلاق: «ماڭا يول بەر» دەپتۇ، ئاق ئوغلاق: «ياق، سەن ماڭا يول بەر» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىر-بىرىگە زادىلا يول بەرمەي ئۇسۇشۇپتۇ.

② پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، يول قويۇش.

مەسىلەن: ئۇ بۇ ئىشتا ماڭا زادىلا يول بەرمىدى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** توسۇش.

**يۇقىرىقى** (سۈپەت) بىرەر جاي ياكى نەرسىنىڭ ئۈستى قىسمىغا جايلاشقان، تۆپىسىدىكى، ئۈستۈنكى.

مەسىلەن: يۇقىرىقى رەسىمدىكى بالىلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

**مەنىداش سۆزى:** يۇقىرىدىكى، ئۈستۈنكى، ئۈستىدىكى، تۆپىدىكى.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** تۆۋەندىكى، تۆۋەنكى، ئاستىنقى.

**يۇلتۇز** (ئىسىم) كېچىسى ئاسماندا نۇرلۇق چېكىت-چېكىت كۆرۈنىدىغان ئاسمان جىسمى.
مەسىلەن: بۈگۈن ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچقا يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەيتتى.

**يۇلۇش** (پېئىل) نەرسىلەرنى قېقىلغان ياكى يىلتىز تارتقان جايىدىن تارتىپ سۇغۇرۇش، تارتىپ قومۇرۇش.
مەسىلەن: بوۋاي چامغۇرلىرنى يۇلۇپ ئالماقچى بولۇپ تارتىپ بېقىپتۇ، لېكىن يۇلۇشقا كۈچى يەتمەپتۇ.
**مەنىداش سۆزى:** سۇغۇرۇش، قومۇرۇش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قېقىش، تىكىش، كىرگۈزۈش.

**يۇمۇر** (ئىسىم) تۇرمۇشتىكى كۈلكىلىك، قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ كۈلكىلىك، قىزىق تەسۋىرلەپ بايان قىلىپ بېرىدىغان قىسقا-قىسقا بەدىئىي پارچە، چاقچاق.
مەسىلەن: «ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» دېگەن يۇمۇرنى ئوقۇغۇچىلار ۋە كۆچۈرۈپ چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىشلار.
**مەنىداش سۆزى:** چاقچاق.

**يۇملاق** ① (سۈپەت) شەكلى توپ ياكى شار قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئايلانما شەكىللىك، چەمبەرگە ئوخشاش دۈگىلەك.
مەسىلەن: يۇملاق تاۋۇز. ★ يۇملاق يۈز.
② (ئىسىم) نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە سىزىپ چىقىرىلغان چەمبەر شەكىللىك بەلگە.
مەسىلەن: رەسىملەرنى كۆزىتىپ، يۇملاق ئىچىگە توغرا ياكى خاتا بەلگىسىنى قويۇڭلار.

www.uyghurkitap.com

**مەنىداش سۆزى:** دومىلاق، دۈگىلەك، دوغىلاق.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** سوزۇنچاق، ياپپاق، يېسسى، ياپىلاق، ئۇزۇنچاق.

**يۇيۇش** (پېئىل) نەرسىلەرنى سۇ ياكى سۇيۇقلۇق بىلەن چايقاپ پاكىز قىلىش، سۇغا سېلىپ كىر، پاسكىنىلاردىن تازىلاش.
مەسىلەن: مەن پايپىقىمنى ئۆزۈم يۇدۇم.

**يۈەن** (ئىسىم) جۇڭگونىڭ پۇل بىرلىكى. يەنى بىرسى 10 مو ياكى 100 پۇڭغا تەڭ بولغان پۇل.
مەسىلەن: ھېيتتا دادام ماڭا ئىككى يۈەن پۇل بەردى.

**يۈز** I (سان) «100» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى ئون يەردىكى ئوننىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 99 دىن چوڭ، 101 دىن كىچىك پۈتۈن سان.
**يۈز** II (ئىسىم) ① ئادەم بېشىنىڭ كۆز، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىق ئەزالار ئورۇنلاشقان ئالدى تەرىپى.
مەسىلەن: مەن ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ يۈزۈمنى يۇيىمەن.
② مەلۇم دائىرىگە ئىگە نەرسىلەرنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى، ئۈستى؛ مەيدانى، كۆلىمى، دائىرىسى.
مەسىلەن: يەر يۈزى. ★ گېزىت يۈزى.
**مەنىداش سۆزى:** چىراي.

**يېغىش** (پېئىل) ① ئاسماندىن ياكى ئۈست تەرەپتىن تامچە-تامچە ياكى ئۇۋاق ھالەتتە چۈشۈش، تۆكۈلۈش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قويۇلۇش.
مەسىلەن: يامغۇر ياغدى.
② جىلۋىلىنىش، ئۇرغۇش، ئۆرلەش.
مەسىلەن: مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.
③ ئۈستى-ئۈستىلەپ كېلىش.
مەسىلەن: ئۆيگە مېھمانلار يېغىپ كەتتى.
**مەنىداش سۆزى:** چۈشۈش.

**يېقىملىق** (سۈپەت) كۆڭۈلگە ياقىدىغان؛ تاتلىق، مۇڭلۇق ھەم تەسىرلىك.
مەسىلەن: ئەتراپتىن ھەر خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.
**مەنىداش سۆزى:** تاتلىق، جەلپكار؛ ئوماق، ئىسسىق چىراي.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** يېقىمسىز، بىمەنە، لاۋزا.

**يېڭى** (سۈپەت) ① تېخى ئىشلىتىلمىگەن، تۇتۇلمىغان؛ ئەسلىي سۈپىتىنى ئۆزگەرتمىگەن؛ كونا ئەمەس.
مەسىلەن: يېڭى كىيىم. ★ ئەنۋەرنىڭ سومكىسى تېخى يېڭى ئىدى.
② يەنە بىر، ئالدىمىزدىكى، نۆۋەتتىكى.
مەسىلەن: يېڭى يىل. ★ يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** كونا.

**يېيىش** (پېئىل) ئاغزىغا ئېلىپ چىشلەپ ياكى چايناپ يۇتۇش، ئىستېمال قىلىش.
مەسىلەن: كۆكرىپ قالغان يىمەكلىكلەرنى يېيىشكە بولمايدۇ.
**مەنىداش سۆزى:** ئىستېمال قىلىش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** قۇسۇش، ياندۇرۇش.

**يىرتقۇچ** (سۈپەت) تۈرلۈك جانلىقلار، بولۇپمۇ ھايۋانلارنى چىشلەپ ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان، خام گۆش يەيدىغان؛ ۋەھشىي، ياۋۇز.
مەسىلەن: تۈلكە قورققىنىدىن: «ۋايجان، بۇ يەردە بىر يىرتقۇچ ھايۋان بار ئوخشايدۇ» دېدى-دە، بۇ يەردىن قېچىپ كەتتى.

**يىغىش** (پېئىل) ① بىر يەرگە جەم قىلىش، توپلاش.
مەسىلەن: ئوغۇت يىغىش.
② قاتلاپ رەتلىك قويۇش، چىرايلىق تىزىش.
مەسىلەن: ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئورۇن-كۆرپىلەرنى يىغىش مېنىڭ بىرىنچى ئىشىم.
**مەنداش سۆزى:** توپلاش، جەملەش.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چېچىش، بۆلۈش.

**يىغىش قىلىش** ئۆزئارا مەلۇم نىسبەتتە چىقىرىشىپ جەملەش، ياردەم، ئىئانە ياكى شۇنداق بىرەر ئىش ئۈچۈن پۇل توپلاش.
مەسىلەن: بىز بىرىنەچچىمىز يىغىش قىلىپ، ئالىمنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئازراق پۇل ياردەم قىلدۇق.

**يىغىنچاق** (سۈپەت) قالايمىقان ئەمەس، يىغىپ رەتلەنگەن، ئىخچام.
مەسىلەن: باللار، رەتلىك ۋە يىغىنچاق بولۇڭلار!
**مەنداش سۆزى:** رەتلىك، تەرتىپلىك، ئىخچام.
**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزى:** چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان، رەتسىز.

www.uyghurkitap.com

**يىغىندى** (ئىسىم) ① تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان توپ، توپلام.
مەسىلەن: قانۇنلار يىغىندىسى. ★ قارارلار يىغىندىسى.
② ماتېماتىكىدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سانلارنى ئۆزئارا قوشقاندا ھاسىل بولغان سان، قوشۇش نەتىجىسى.
مەسىلەن: $30+20=50$ دىكى 50 بولسا يىغىندى بولىدۇ.

**يىگىرمە** (سان) «20» رەقىمى ۋە بۇ رەقەم ئىپادىلىگەن سان، يەنى ئىككى يەردىكى ئونىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 19 دىن چوڭ، 21 دىن كىچىك پۈتۈن سان.

**يىل** (ئىسىم) ۋاقىتنى ھېسابلاش بىرلىكى. ئادەتتە يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا بىر ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت بىر يىل بولىدۇ. بىر يىل 12 ئاي، 366 كۈن بولىدۇ. يەنى يىل دېگىنىمىز 366 كۈنگە تەڭ ۋاقىت.
مەسىلەن: بىر يىلدا تۆت پەسىل كېلىدۇ.

# قوشۇمچە: ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە-ئىنگلىزچە سېلىشتۇرما سۆزلۈك

## ئا

| | | |
|---|---|---|
| sunlight, sunshine | 日光，阳光 | ئاپتاپ |
| april | 四月 | ئاپرېل |
| horse | 马 | ئات I |
| name | 名字，名称 | ئات II |
| sixty | 六十 | ئاتمىش |
| amazing, curious, wonderful | 奇怪的 | ئاجايىپ |
| envious, covetous | 贪婪的，贪心的 | ئاچكۆز |
| custom, habit | 习惯，习俗 | ئادەت |
| man | 人 | ئادەم |
| address | 地址 | ئادرېس |
| happiness, a feeling of | 安宁 | ئارامچىلىق |
| rest for | 休息 | ئارام ئېلىش |
| plus repeatedly | 连加 | ئارقىمۇئارقا قوشۇش |
| substract repeately | 连减 | ئارقىمۇئارقا ئېلىش |
| army | 军队 | ئارمىيە |
| few, less, little | 少 | ئاز |
| free, liberated | 解放，自由 | ئازاد |
| comfor table, spacious | 宽敞的，舒畅 | ئازادە |
| easy, simple | 容易 | ئاسان |
| antiquities | 古物，古迹 | ئاسارئەتىقە |
| according to; nearly | 根据，按照 | ئاساسەن |
| slow, slowly | 慢；轻轻 | ئاستا |
| under | 下面的 | ئاستى |
| to preserve, protect | 爱护，爱惜 | ئاسراش |
| keep, protect | 养护，保护 | ئاسرىماق |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| sky | 天空 | ئاسمان |
| to hurt， sick | 生病，病 | ئاغرىپ قېلىش |
| white | 白 | ئاق |
| ① sign， symptom ② very extre mely | 标志，号 | ئالامەت |
| world， universe | 宇宙，人世 | ئالەم |
| six | 六 | ئالتە |
| first | 首先 | ئالدى بىلەن |
| welldoer | 善捕猎物的 | ئالغۇر |
| scholar， learned person | 学着，科学家 | ئالىم |
| peace， quiet | 平安，安宁 | ئامان |
| later | 然后，才 | ئاندىن |
| prosperous， overflowing | 繁荣，热闹 | ئاۋات |
| thin， emaciated | 瘦弱 | ئاۋاق |
| family | 家，家庭 | ئائىلە |
| moon； month | 月亮；月，月份 | ئاي |
| food； shoe； end | 脚，足；鞋；末尾 | ئاياغ |
| walk | 走，迈步 | ئاياغ بېسىش |
| difference； minus | 区别；余数 | ئايرىما |

## ئە

| | | |
|---|---|---|
| spring | 春天 | ئەتىياز |
| morals， virtue | 道德，品德 | ئەخلاق |
| polite， courteous | 有礼貌的 | ئەدەپلىك |
| to behave well | 讲礼貌 | ئەدەپلىك بولۇش |
| since long ago， for many years， never | 从来 | ئەزەلدىن |
| bear， beloved | 尊敬的，亲爱的 | ئەزىز |
| diligent | 认真 | ئەستايىدىل |
| country； people | 国家，民众 | ئەل |
| excellent； very good | 优良，优秀 | ئەلا |
| first—class， first—rate | 优等生，优秀生 | ئەلاچى |
| fifty | 五十 | ئەللىك |
| labour， work | 劳动 | ئەمگەك |

| | | |
|---|---|---|
| hard—working, industrious | 勤劳的 | ئەمگەكچان |
| posterity, generation | 后代 | ئەۋلاد |

## ب

| | | |
|---|---|---|
| to feel wronged and act rashly | 赌气,要脾气 | باتناش |
| brave, heroic | 英雄;勇敢的 | باتۇر |
| have; there is | 有 | بار |
| My goodness | 好,好样的 | بارىكاللا |
| before, once | 从前 | بار ئىكەن، يوق ئىكەن |
| head; an ear of grain | 头;头脑;穗 | باش |
| to breed, bring up, feed | 望,看守 | بېقىش |
| honey | 蜜,蜜蜂 | بال |
| child | 儿童,孩子 | بالا I |
| disaster, calamity | 祸害,灾难 | بالا II |
| spring | 春天 | باھار |
| rich | 有钱的,富裕的 | باي |
| to describe, relate | 叙述,陈述 | بايان قىلىش |
| flag | 旗,旗帜 | بايراق |
| to set the flag | 降旗 | بايراق چۈشۈرۈش |
| to rais the flag | 升旗 | بايراق چىقىرىش |
| little flag | 小旗子 | بايراقچە |
| festivel | 节,节日 | بايرام |
| resoures, treasure | 财富 | بايلىق |
| young master | 少爷 | بايۋەتچە |
| page | 页,版 | بەت |
| happy | 幸福的,有福气的 | بەختلىك |
| body | 身体 | بەدەن |
| to train one's body | 锻炼身体 | بەدەن چېنىقتۇرۇش |
| five | 五 | بەش |
| very, a lot | 太,级,十分,非常 | بەك |
| silly, stupid | 任性 | بەڭۋاش |
| mark | 符号,标记 | بەلگە |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| camel's lamb | 驼羔 | بوتىلاق |
| joint | 节，音节 | بوغۇم |
| to obey | 服从，顺服 | بويسۇنۇش |
| last | 以前的，原来的 | بۇرۇنقى |
| corner，angle | 角落，角 | بۇلۇڭ |
| part，other，moreover | 部分；另外的，其他的 | بۆلەك |
| ticket | 票 | بىلەت |
| shoot (of a young plant) | 芽 | بىخ |
| one | 一 | بىر |
| single nuber，unit'splacc | 个位数 | بىر خانىلىق سان |
| single number，unit's placc | 个位数 | بىرلەر خانىسى |
| to cause，to unite | 合并；结合 | بىرلەشتۈرۈش |
| knowledge | 知识，学问 | بىلىم |
| one by one | 一个一个地 | بىرمۇبىر |

## پ

| | | |
|---|---|---|
| activity | 活动 | پائالىيەت |
| piece | 块，片，篇 | پارچە |
| dirty | 脏的 | پاسكىنا |
| clean | 干净的 | پاكىز |
| to be banished，exiled | 被流放，被发配 | پالىنىش |
| hero，strong man | 勇士 | پالۋان |
| capital city | 首都 | پايتەخت |
| to take advantage of | 利用 | پايدىلىنىش |
| difference | 区别，差别 | پەرق |
| divverentiate between | 区别，识别 | پەرق ئېتىش |
| differentiate | 使区别 | پەرقلەندۈرۈش |
| fly | 飞翔 | پەرۋاز قىلىش |
| a season of the year | 季，季节，季度 | پەسىل |
| science；subject | 科学，学科 | پەن I |
| board | 木板 | پەن II |

| | | |
|---|---|---|
| strong | 结实的；踏实 | پۇختا |
| fen | 分 | پۇڭ I |
| fen | 分(相等于 66 平米) | پۇڭ II |
| whole complete | 全的，全部的，整个的 | پۈتۈن |
| whole len's place number | 整十位数 | پۈتۈن ئونلۇق سان |
| to be covered | 被覆盖 | پۈركىنىش |
| to be ripe | 成熟 | پىشىش |
| pioneer | 少先队员 | پىئونېر |

## ت

| | | |
|---|---|---|
| home work | 作业 | تاپشۇرۇق |
| cleanliness | 卫生，清洁 | تازىلىق |
| narrow, tight | 窄的 | تار |
| uncle | 叔叔，伯父 | تاغا |
| audience, spekctators | 观众 | تاماشىبىن |
| food | 饭 | تاماق |
| tank driver | 坦克手 | تانكىست |
| a viewof the nature | 自然景观 | تەبىئەت مەنزىرىسى |
| perspire | 流汗，挥汗 | تەر تۆكۈش |
| aorder | 顺序，秩序 | تەرتىپ |
| ordered | 整齐的，有次序的 | تەرتىپلىك |
| offer, devote, give | 赠送，献给 | تەقدىم قىلىش |
| over and over, repeat | 反复，重复；复习 | تەكرار |
| examine, check | 检查 | تەكشۈرۈش |
| equal | 相等的，同等的 | تەڭ |
| pronunceation | 发音，口音 | تەلەپپۇز |
| body | 身体 | تەن |
| rest, relaxation | 休息(课间或工间的) | تەنەپپۇس |
| right | 对的，正确的；横的 | توغرا |
| ninety | 九十 | توقسان |
| nine | 九 | توققۇز |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| frozen; raw | 冻的;生硬的 | توڭ |
| many, a lot | 多 | تولا |
| full | 满,充满 | تولۇق |
| enrich, replenish | 补充 | تولۇقلاش |
| heat; hot season | 伏天,大暑 | تومۇز |
| overcast, greky | 阴的,模糊的 | تۇتۇق |
| become overcast | 变阴 | تۇتۇلۇش |
| hoof | 蹄 | تۇياق |
| feel, sense | 觉得,感觉 | تۇيۇش |
| suddenly, accidentally | 突然,忽然 | تۇيۇقسىز |
| four | 四 | تۆت |
| below, down; low | 下面,下边 | تۆۋەن |
| following | 各种,各式各样的 | تۆۋەندىكى |
| kind, variety | 各种,各种各样的 | تۈرلۈك |
| structure, composition | 被编写,被制定 | تۈزۈلۈش |
| rules, regulations | 制度 | تۈزۈم |
| air, colour | 色,色彩 | تۈس |
| evening, night | 夜 | تۈن |
| quickly | 快的,迅速的 | تېز |
| speed | 速度 | تېزلىك |
| text | 课文 | تېكىست |
| belonging to; necessary | 应该的 | تېگىشلىك |
| nail; inverted commas | 指甲,爪,括号 | تىرناق |
| diligence, industry | 用功的,努力的 | تىرىشچان |
| strain | 努力,尽力 | تىرىشىش |
| vertical, upright | 陡的,竖的 | تىك |
| fall headlong | 倒栽葱 | تىك موللاق چۈشۈش |
| to sew, stitch | 栽;缝,绣 | تىكىش |
| tongue, language | 舌, 舌头;语言 | تىل |
| speech sounds | 语音 | تىل تاۋۇشى |

## ج

| | | |
|---|---|---|
| suffering, difficulty | 苦,辛苦 | جاپا |

| | | |
|---|---|---|
| to suffer, face difficulties | 吃苦,受苦 | جاپا چېكىش |
| answer | 回答,答复,答案 | جاۋاب |
| from, timetable | 表,表格,报表 | جەدۋەل |
| process, method | 过程,经过 | جەريان |
| altoge ther | 共计,总计 | جەمئىي |
| double; pair | 双的;对,双 | جۈپ |
| daring | 勇气,胆量 | جۈرئەت |
| sentence | 句子 | جۈملە |
| make up a sentence | 造句 | جۈملە تۈزۈش |
| urgent, tense | 严正,紧急 | جىددىي |

## چ

| | | |
|---|---|---|
| then, at a certain time | 时候,时分 | چاغ |
| invite, call | 请,邀请,叫 | چاقىرىش |
| rafter | 椽子 | چەنزە |
| trample underfoot | 踩 | چەيلەش |
| certain to, bound to, must | 一定,必定,肯定 | چوقۇم |
| big, old, grand | 大 | چوڭ |
| fable, story, tale | 童话,(民间)故事 | چۆچەك I |
| wooden bowl | 大碗 | چۆچەك II |
| to blossom, to flower | 开花 | چېچەكلەش |
| soldier, rottern | 兵 | چېرىك |
| pnysical exercise | 锻炼 | چېنىقىش |
| beautifwl, pretty | 漂亮,美丽 | چىرايلىق |
| tic—toc (of a clock) | 滴滴答答 | چىك-چىك-چىك |

## خ

| | | |
|---|---|---|
| mistaken, wrong | 错的,错误的 | خاتا |
| room; place | 房间,位数 | خانا |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| unselfish, righteous | 无私的，义务的 | خالىس |
| unselfish, righteous | 无私的，义务的 | خالىسانە |
| threshing ground | 打谷场，麦场 | خامان |
| people | 人民 | خەلق |
| brave man | 好汉 | خوخەنزە |
| glad, hapy | 高兴的，愉快的 | خۇشال |
| amiable, kindly | 开朗的，和蔼的 | خۇشخۇي |
| I'm glad you come! | 你来得太好了 | خۇش كېلىپسىز |
| ashamed, embarrassd | 难为情，不好意思 | خىجىل بولۇش |

## د

| | | |
|---|---|---|
| praise, recommend | 夸奖 | داڭلاش |
| famous, popular | 著名的，有名的 | داڭلىق |
| often, always | 经常，常常 | دائىم |
| notebook | 本子 | دەپتەر |
| lesson | 课，课程 | دەرس |
| classroom | 课堂，教室 | دەرسخانا |
| teaching material | 教材，课本 | دەرسلىك |
| doctor, medic | 医生，大夫 | دوختۇر |
| friend | 朋友 | دوست |
| to meet, face | 遇到，碰到 | دۇچ كېلىش |
| to stammer, stutter | 结巴 | دۇدۇقلاش |
| national flag | 国旗 | دۆلەت بايرىقى |
| national emblem | 国徽 | دۆلەت بەلگىسى |
| enemy | 敌人 | دۈشمەن |
| round, circular | 圆的，圆形的 | دۈگىلەك |
| a recitation (of a poim etc) | 朗诵 | دېكلاماتسىيە |
| peasent, farmer | 农民 | دېھقان |
| heart, soul | 心地，心眼 | دىل |

## ر

| | | |
|---|---|---|
| very, really | 很,太,十分 | راسا |
| true, real | 真的,实在的 | راست |
| really, indeed | 当真,确实,实在 | راستىنلا |
| prepare, get ready | 准备,收拾 | راسلاش |
| fluently, smooth | 流利,流畅 | راۋان |
| row, sequence | 排,次;次序 | رەت I |
| time, turn | 遍,次 | رەت II |
| neat | 整齐的 | رەتلىك |
| painting, photogragh | 画,图,相片 | رەسىم |
| paint drawing | 画画儿 | رەسىم سىزىش |
| colour | 颜色,色 | رەڭ |
| colour | 颜色,脸色 | رەڭگى |
| many—coloured, multi —colored | 各种颜色的 | رەڭمۇرەڭ |
| bright | 明亮的,鲜明的 | روشەن |

## ز

| | | |
|---|---|---|
| realy, ever | 根本 | زادىلا |
| time, period, tense | 时代,时候 | زامان |
| factory | 工厂 | زاۋۇت |
| to gain a victory | 获胜,得胜 | زەپەر قۇچۇش |
| very | 太,十分,非常 | زەپمۇ |
| large, important | 大,重大 | زور |

## ژ

| | | |
|---|---|---|
| journal, magazine | 杂志 | ژۇرنال |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# س

| | | |
|---|---|---|
| fresh, pure | 纯的,净的,清新的 | ساپ I |
| handle | 把子 | ساپ II |
| plough | 犁 | ساپان |
| healthy | 健康的 | ساغلام |
| health, well—being | 健康 | ساقلىق |
| chaff, wheat straw | 麦草 | سامان |
| literate, educated | 识字的,有文化的 | ساۋاتلىق |
| river valley, canyon | 河滩 | ساي |
| to sing (of birds) | (鸟)鸣,啼,叫 | سايراش |
| tools | 工具,器具 | سايمان |
| to size up, examine | 仔细看 | سەپسىلىش |
| eighty | 八十 | سەكسەن |
| eight | 八 | سەككىز |
| clear—headed, alert | 清醒的, 警觉的 | سەگەك |
| early moming | 清晨 | سەھەر |
| question | 问题,疑问 | سوئال |
| vowel | 元音 | سوزۇق تاۋۇش |
| cold | 冷,凉;寒冷 | سوغۇق |
| catch cold | 着凉,外感 | سوغۇق تەگكۈزۈۋېلىش |
| left | 左 | سول I |
| line | (割麦子时开出的)行溜 | سول II |
| drow off water | (往田里)放水 | سۇ تۇتۇش |
| watery, liquid | 稀的;液体的,流质的 | سۇيۇق |
| word, speech | 词,话,言 | سۆز |
| to make a word | 造词 | سۆز تۈزۈش |
| talk, speak | 讲 | سۆزلەپ بېرىش |
| love, kiss | 吻,亲嘴 | سۆيۈش |
| quality, adjective | 质量;品质;形容词 | سۈپەت |
| compare, contrast | 比较,相比 | سېلىشتۇرۇش |
| draw | 画,绘 | سىزىش |
| classroom | 班,教室,课堂 | سىنىپ |

## ش

| | | |
|---|---|---|
| the branch of a tree | 枝，杈 | شاخ |
| happy, joyful | 愉快的，高兴的 | شاد |
| to make a splashing roise | 哗哗作响 | شارىلداپ |
| king | 王帝 | شاھ |
| honourable | 光荣的 | شەرەپلىك |
| shameful, disgraceful | 丢脸的 | شەرمەندە |
| form, shape | 形式；格式 | شەكىل |
| to be engaged in | 从事，搞 | شۇغۇللىنىش |
| sweet, delicious | 甜蜜的 | شېرىن |
| poem, poetry | 诗，诗歌 | شېئىر |

## غ

| | | |
|---|---|---|
| withered leaves | 落叶，枯叶 | غازاڭ |
| arm | 双臂伸开 | غۇلاچ |
| flower bud | 花骨朵儿 | غۇنچە |

## ف

| | | |
|---|---|---|
| factory | （轻工业的）工厂 | فابرىكا |
| water fountain | 喷水，喷泉 | فونتان |
| film, movie | 影片 | فىلىم |

## ق

| | | |
|---|---|---|
| row, line | 排，行 | قاتار |
| hard, severe | 硬的；严格的 | قاتتىق |
| snow | 雪 | قار |
| confused | 混乱，乱七八糟 | قالايمىقان |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| satisfaction, contentmen | 满足，满意，知足 | قانائەت |
| to be satisfied | 感到满足 | قانائەت قىلىش |
| to spread one's wings | 拍动翅膀 | قانات قېقىش |
| rules, principles | 规律性 | قانۇنىيەت |
| cream | 奶油 | قايماق |
| to persuade | 说服 | قايىل قىلىش |
| old, ancient | 古代的，古老的 | قەدىمكى |
| ancient | 古老的 | قەدىمىي |
| hero, outstanding person | 英雄 | قەھرىمان |
| where | 哪里 | قەيەر |
| tools, weapons | 工具，武器 | قورال |
| cowardly, fearful | 胆小鬼 | قورققاق |
| folk song | 民歌，歌谣 | قوشاق |
| addend; addition | 加，增加 | قوشۇش |
| summand | 被加数 | قوشۇلغۇچى |
| agree, jpoin | 被同意，被参加 | قوشۇلۇش |
| rib cage | 肋骨 | قوۋۇرغا |
| strong, powerful | 强大的，有威力的 | قۇدرەتلىك |
| line, set | 行；排；套；遍 | قۇر |
| bird | 鸟，禽 | قۇش |
| kumul | 哈密 | قۇمۇلخان |
| tail | 尾，尾巴 | قۇيرۇق |
| old, aged | 老，老的 | قېرى |
| call | 叫，呼唤 | قىچقىرىش |
| forty | 四十 | قىرىق |
| warm, passionate | 热烈的，热情的 | قىزغىن |
| short, brief | 短的 | قىسقا |
| to be become short | 变短 | قىسقىراش |
| winter | 冬天 | قىش |
| absolutely | 丝毫，一丁点儿 | قىلچە |
| rock, cliff, steep | 岩，峭壁；斜 | قىيا |
| appearance | 面目，面貌 | قىياپەت |
| difficult | 难的，困难的 | قىيىن |

# ك

| | | |
|---|---|---|
| card | 卡片 | كارتا |
| creation, World | 宇宙 | كائىنات |
| embroidery | 绣花 | كەشتە |
| wide | 宽的 | كەڭ |
| couplet | (诗的)段,节 | كۇپلېت |
| many, much, a lot | 多 | كۆپ |
| very many, a lot | 大量的,多多地 | كۆپلەپ |
| sapling, young tree | 树苗,秧苗 | كۆچەت |
| plant saplings | 栽树,植树 | كۆچەت تىكىش |
| copy | 抄写 | كۆچۈرۈش |
| watch, observe | 观察,观测 | كۆزىتىش |
| blue | 蓝,青 | كۆك I |
| sew with line thread | 绗的线 | كۆك II |
| raw vege tables | 蔬菜 | كۆكتات |
| to do something diligently | 用心,精心 | كۆڭۈل قويۇش |
| happy | 愉快的,欢乐的 | كۆڭۈللۈك |
| persua de, convince | 说服,驯服 | كۆندۈرۈش |
| academic text — book exercises | 练习题 | كۆنۈكمە |
| bridge | 桥 | كۆۋرۈك |
| to be caring, to love | 关心,体贴 | كۆيۈنۈش |
| powerful, strong | 力气大的,强大的 | كۈچلۈك |
| outumn | 秋天 | كۈز |
| sun; day | 太阳,日 | كۈن |
| facing the sun; south | 朝阳的,向阳的 | كۈنگەي |
| late | 迟到 | كېچىكىش |
| useful | 需要的 | كېرەكلىك |
| tour, visit for pleasure | 漫游 | كېزىش |
| widen, expand | 推广,扩大 | كېڭەيتىش |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| subthtahend | 减数 | كېمەيتكۈچى |
| minued | 被减数 | كېمەيگۈچى |
| little, small | 小 | كىچىك |
| person | 人 | كىشى |
| who | 谁 | كىم |

## گ

| | | |
|---|---|---|
| throat | 喉咙,嗓子 | گال I |
| blunt | 钝的 | گال II |
| graphic | 一览表,图示 | گرافىكا |
| group | 小组 | گۇرۇپپا |
| child, naive | 幼儿,幼稚的 | گۆدەك |
| beautiful, pretty | 美丽的 | گۈزەل |
| a rose flower bed | 花圃,花坛 | گۈلشەن |
| gymnastics | 体操 | گىمناستىكا |

## ل

| | | |
|---|---|---|
| falcon | 隼(动) | لاچىن |
| oil lamp, light | 灯(多指煤油灯) | لامپا |
| aneccote | 笑话 | لەتىپە |
| kite | 风筝 | لەگلەك |

## م

| | | |
|---|---|---|
| meterila | 材料;资料 | ماتېرىيال |
| mathematics | 数学 | ماتېماتىكا |
| praise, compliment | 夸奖,赞扬 | ماختاش |
| boast, brag | 自夸 | ماختىنىش |
| March | 三月 | مارت |
| proverb, fok saying | 谚语 | ماقال ـ تەمسىل |
| to set up house, live | 安家落户 | ماكانلىشىش |

| | | |
|---|---|---|
| dandelion | 〈植〉薄公英,黄花地丁 | ماماكاپ |
| contents | 内容 | مەزمۇن |
| fable, allegory | 寓言 | مەسەل |
| for example | 比如,例如 | مەسىلەن |
| practise | 练习 | مەشق قىلىش |
| school | 学校 | مەكتەپ |
| forever | 永远 | مەڭگۈ |
| country | 国家 | مەملىكەت |
| products | 产品 | مەھسۇلات |
| term, season | 学期,季节 | مەۋسۇم |
| ten cent | 角,毛 | مو I |
| mu, cflinese unit of area (=0.0667.hectares) | 亩 | مو II |
| teacher | 老师,教师 | مۇئەللىم |
| happy; congra tulations! | 恭喜 | مۇبارەك بولسۇن |
| ceremony | 仪式,典礼 | مۇراسىم |
| ice | 冰 | مۇز |
| independent, alone | 独立的 | مۇستەقىل |
| suitable, fair | 合理的,适当的 | مۇۋاپىق |
| hide, conceal oneself | 躲藏 | مۆكۈنۈش |
| guest | 客人,宾客 | مېھمان |
| suffeing, labour | 劳动,苦 | مېھنەت |
| loving—kindness, love | 恩爱,恩情 | مېھىر |
| example | 例子 | مىسال |
| verse, line of poetry | (诗的)行 | مىسرا |
| thousand | 千 | مىڭ |

## ن

| | | |
|---|---|---|
| name | 名称,称号 | نام |
| thing, object | 东西,物品 | نەرسە |
| shame, embarassment | 羞耻,耻辱 | نومۇس |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| many, a lot | 多,很多,许多 | نۇرغۇن |
| what | 什么 | نېمە |
| why, what for | 为什么 | نېمە ئۈچۈن |
| intention | 心意 | نىيەت |

## ھ

| | | |
|---|---|---|
| to be carried on someone's back | 被背 | ھاپاش |
| card | 大车,车 | ھارۋا |
| abyss, chasm | 深谷 | ھاڭ |
| pass through, go over | 越过,超越 | ھالقىش |
| weather, air | 空气,大气 | ھاۋا |
| meteorological phenonema | 气象 | ھاۋا رايى |
| life, alive | 生命 | ھايات |
| week | 周,星期,礼拜 | ھەپتە |
| older sister | 姐姐;阿姨 | ھەدە |
| every | 每个 | ھەربىر |
| letter | 字母 | ھەرپ |
| every kind | 各种 | ھەر خىل |
| elways | 动作,行动 | ھەر دەم |
| action, activity | 动作,行动 | ھەرىكەت |
| reward | 报酬,权利 | ھەق |
| truth | 真理 | ھەقىقەت |
| realy, truly | 确实,的确 | ھەقىقەتەن |
| all | 所有,一切,全部 | ھەممە |
| lzy | 懒 | ھورۇن |
| honour, respect | 尊敬,尊重 | ھۆرمەتلەش |
| verdict | 判断 | ھۆكۈم قىلىش |
| calculate | 算 | ھېسابلاش |
| story | 故事,短篇小说 | ھېكايە |
| to describe, relate | 叙述 | ھېكايە قىلىش |

| | | |
|---|---|---|
| festival | 节日 | ھېيت |

# ئو

| | | |
|---|---|---|
| good, well | 好;正好 | ئوبدان |
| grass | 草 | ئوت I |
| fire | 火 | ئوت II |
| thirty | 三十 | ئوتتۇز |
| firewood | 柴,木柴 | ئوتۇن |
| open, fine, clear | 开着的,清楚的 | ئوچۇق |
| same, like, similar | 相同的,一样的 | ئوخشاش |
| likeness, similarity | 共同点,相同之处 | ئوخشاشلىق |
| different drop | 不同点,不同之处 | ئوخشىماسلىق |
| forest | 森林 | ئورمان |
| install; establish | 安装,建立 | ئورنىتىش |
| get up | 站起来;起立 | ئورنىدىن تۇرۇش |
| bedding | 铺盖 | ئورۇن - كۆرپە |
| young goat | 山羊羔 | ئوغلاق |
| teaching, academic | 学,学业 | ئوقۇش |
| reading material | 教材 | ئوقۇش قوراللىرى |
| student | 学生;读者 | ئوقۇغۇچى |
| right | 右;正面 | ئوڭ |
| lovely | 可爱的 | ئوماق |
| ten | 十 | ئون |
| ten's place | 十位 | ئونلار خانىسى |
| more than ten | 十几 | ئون نەچچە |
| count from to lo | 小数 | ئون ئىچىدىكى سانلار |
| thought, ideas | 思想 | ئوي - پىكىر |
| hollow, void; lowlying | 洼地;低洼 | ئويمان |

# ئۇ

| | | |
|---|---|---|
| long | 长的,长久的 | ئۇزاق |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

| | | |
|---|---|---|
| long | 长，长久 | ئۇزۇن |
| became longer | 变长 | ئۇزىراش |
| master craftsman | 手艺好的，善于 | ئۇستا |
| foundation, base | 地基 | ئۇل |
| great | 伟大的，大 | ئۇلۇغ |
| den, nest | 巢，窝，穴 | ئۇۋا |

## ئۆ

| | | |
|---|---|---|
| galbladder | 胆 | ئۆت |
| pass, cross, go through | 过，渡过 | ئۆتۈش |
| roar, surge | 浪头，驼峰 | ئۆركەش |
| rise, improve | 上升 | ئۆرلەش |
| each other | 互相，相互，彼此 | ئۆزئارا |
| study, learn | 学习 | ئۆگىنىش |
| close | 和睦的 | ئۆم |
| life | 寿命，终生 | ئۆمۈر |
| tame animals, pets | 家畜 | ئۆي ھايۋانلىرى |

## ئۈ

| | | |
|---|---|---|
| three | 三 | ئۈچ |
| pip of a fruit | 核 | ئۈچكە |
| consonant | 辅音 | ئۈزۈك تاۋۇش |
| to gore (of an animal) | 抵，撞，碰 | ئۈسۈشۈش |
| model, pattern, example | 式样；榜样 | ئۈلگە |
| wish, hope | 希望 | ئۈمىد |
| loud, noisy | 大声地 | ئۈنلۈك |

## ۋ

| | | |
|---|---|---|
| valley, canyon | 河谷，流域 | ۋادى |

| | | |
|---|---|---|
| inherit, receive | 继承 | ۋارىسلىق قىلىش |
| basketball | 篮球 | ۋاسكېتبول |
| time | 时间,时候 | ۋاقىت |
| otherland, country | 祖国 | ۋەتەن |
| promise | 诺言 | ۋەدە |

## ئې

| | | |
|---|---|---|
| oral | 口头 | ئېغىزچە |
| excursion, visit | 参观,观光 | ئېكسكۇرسىيە |
| tall, high | 高的 | ئېگىز |
| alphabet | 字母表 | ئېلىپبە |
| get, take; minus | 收,减 | ئېلىش |
| become electric | 电气化 | ئېلېكترلىشىش |
| exact, clear | 清楚的 | ئېنىق |
| tell, say | 告诉 | ئېيتىپ بېرىش |

## ئى

| | | |
|---|---|---|
| expression | 表现;公式 | ئىپادە |
| show, express | 表示,表现 | ئىپادىلىنىش |
| unity; union | 团结 | ئىتتىپاق |
| Unity is strength | 团结就是力量 | ئىتتىپاقلىق كۈچ |
| to feel shame | 不好意思,害羞 | ئىزا تارتىش |
| hot warm | 热的,热 | ئىسسىق |
| warmly | 亲切的,亲热的 | ئىسسىق چىراي |
| name | 姓名 | ئىسىم - فامىلە |
| hard—working, diligent | 勤劳的,勤奋的 | ئىشچان |
| worker, labourer | 工人 | ئىشچى |
| to work, do | 做,工作,干活 | ئىشلەش |
| two | 二,两 | ئىككى |
| two=figure number | 二位数 | ئىككى خانىلىق سان |
| scientific | 科学的,学术的 | ئىلمىي |

| | | |
|---|---|---|
| friendly amicable | 和睦,融洽 | ئىناق |
| slenderk, fragile | 细;尖细的 | ئىنچىكە |
| carefully | 仔细 | ئىنچىكىلىك بىلەن |
| June | 六月 | ئىيۇن |

## ي

| | | |
|---|---|---|
| good | 好,良好 | ياخشى |
| how are you? | 您好? | ياخشىمۇ سىز |
| dictation | 听写 | يادقا يېزىش |
| memorize | 背,熟记 | يادلاش |
| help | 帮助 | ياردەم |
| to help one another | 帮助,帮忙 | ياردەملىشىش |
| summer | 夏天 | ياز |
| hand—written, written | 手写的,书面的 | يازمىچە |
| build | 制造,修造 | ياساش |
| young | 年轻的,青年 | ياش I |
| tear | 泪 | ياش II |
| age | 岁数,年龄 | ياش III |
| live | 活,生存 | ياشاش |
| become young | 变年青 | ياشىرىش |
| fall | 下,降 | ياغماق |
| naked, single, alone | 赤裸的,单的 | يالاڭ |
| gleaming, glittering, shing | 闪光的,发光的 | يالتىراق |
| rain | 雨 | يامغۇر |
| yamen, goverment officein feudal china | 衙门 | يامۇل |
| grind, pound, beat | 碾,捣 | يانچىش |
| wild animals | 野生动物,野兽 | ياۋايى ھايۋانلار |
| pasture, grassland | 牧场 | يايلاق |
| seven | 七 | يەتتە |
| seventy | 七十 | يەتمىش |
| earth, globe | 地球 | يەر شارى |

| | | |
|---|---|---|
| cardbord case, carton | 纸箱子 | يەشىك |
| light; bright | 光,明亮的 | يورۇق |
| big, large | 大 | يوغان |
| climbdown | 让路,让步 | يول بېرىش |
| upper, higher | 上边的,以上的 | يۇقىرىقى |
| star | 星,星星 | يۇلتۇز |
| pull up, pull out | 拔 | يۇلۇش |
| wash | 洗 | يۇماق |
| humour | 幽默 | يۇمۇر |
| round, circular | 圆的 | يۇمىلاق |
| yuan | 元 | يۈەن |
| hundred | 百,一百 | يۈز I |
| face | 脸 | يۈز II |
| cordial, beautiful | 好听的,亲切的 | يېقىملىق |
| new, fresh | 新,新鲜 | يېڭى |
| eat | 吃 | يېيىش |
| fierce, ferocious | 凶猛的;凶恶的 | يىرتقۇچ |
| collect, gather | 收集,集中 | يىغىش |
| collect | 凑份子 | يىغىش قىلىش |
| concise, brief | 概括的 | يىغىنچاق |
| collection, compilation | 总数, 和数 | يىغىندى |
| twenty | 二十 | يىگىرمە |
| year | 年,年代 | يىل |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

小学生维吾尔语词典 / 买买提艾力·阿布都热伊木主编. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,2002.10

ISBN 7 — 5631 — 1612 — 5

Ⅰ.小… Ⅱ.买… Ⅲ.维吾尔语(中国少数民族语言)—小学—词典 Ⅳ.D624.293

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 084304 号

**小 学 生**

# 维吾尔语详解词典

(一年级)

新疆维吾尔自治区民族语言文字工作委员会辞书室编

编　者:阿布都扎伊尔·塔伊尔

主　编:买买提艾力·阿布都热伊木

副主编:海木都拉·阿布都热合曼

艾斯克尔·阿布都卡地尔

新疆大学出版社出版发行

(乌鲁木齐市胜利路 14 号　　邮编:830046)

乌鲁木齐大金马印务有限责任公司印刷

新疆各地新华书店经销

开本:850×1168 毫米　1/32　5.875 印张

2002 年 10 月第 1 版　　2008 年 10 月第 2 次印刷

ISBN 7 — 5631 — 1612 — 5 / Z·38

总定价:60.00 元(单册:7.50 元)

策　　划：艾力·马木提
责任编辑：艾力·马木提
责任校对：阿拉努尔·依明
封面设计：穆拉丁·阿比提

www.uyghurkitap.com